


بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

المسلم الصيني

中国穆斯林

4

2011


مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيەت ژۇرنىلى

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى



مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.



رەئىس جيا چىڭلىن يېڭى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن بىلەن كۆرۈشتى.



رەئىس جيا چىڭلىن يېڭى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلتىپ ئابدۇرەھىم داموللا بىلەن كۆرۈشتى.



مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۈ يېڭى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى.



مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دۇ چىڭلىن يېڭى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى.






مەركەز رەھبەرلىرى ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.



جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى چۇەن يىن ئۆزىنىڭ ھۆسنخەت لەۋھەسىنى يىغىنغا تەقدىم قىلدى.



رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۇەن ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىمەكتە.



دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زوئەن مۇھىم سۆز قىلدى.



جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم خوۇ چاڭيۇ ئېچىلىش مۇراسىمىدا خىزمەت دوكلاتى بەرمەكتە.



جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى يۇ جېنگۇي ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلماقتا.










جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلتىپ ئابدۇرەھىم داموللا نىزامنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا دوكلات بەرمەكتە.



دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ لېبىن يىغىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلماقتا



جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىددىن گو چىڭجېن يىغىلىش نۇتقى سۆزلىمەكتە.



جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستافا ياڭ جىبو يىغىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلماقتا.



يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر مۇناسىۋەتلىك قارارلارنى ماقۇللىماقتا.



يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر يىغىننىڭ مۇناسىۋەتلىك قارارلىرىنى ماقۇللىماقتا.







بېلەت تاشلاپ ماقۇللىغان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت گېربى لايىھىسى ئېلان قىلىندى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى يۈسۈپ جۇۋاد، شەمسىددىن تارتقان)

# جيا چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن 2011 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن خەلق سارىيىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

جيا چىڭلىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئەزالىرى، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلار ئاممىسىدىن قىزغىن ھال سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ”جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان مۇھىم كۆۋرۈك ۋە ۋاستە. ئۇزاق يىللاردىن بېرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي خىزمەت جەھەتتىكى يېتەكچى پرىنسىپ ۋە سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا پائال ھەمكارلىشىپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەتكە ئاكتىپ مۇلازىمەت قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا ئاكتىپ تۆھپە قوشتى“.

جيا چىڭلىن يېڭى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ ”1 ـ ئىيۇل“ مۇھىم نۇتقىنىڭ روھىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ھەم ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ دىنىي خىزمەت جەھەتتىكى ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپچانلىقىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش قوغداپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

بىرىنچىدىن، ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈشتە تەۋرەنمەسلىك لازىم. داۋاملىق ھالدا ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي مېڭىشى، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئۆزىنى سۆيۈش بىلەن باشقىلارنى سۆيۈشنى، ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن ئىسلام دىنىنى سۆيۈشنى زىچ بىرلەشتۈرىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ، دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداپ، دىنىدىن پايدىلىنىپ ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشى، سىرتقى كۈچلەرنىڭ ھەر خىل ئىغۋاگەرلىكى ۋە بۇزغۇنچىلىقىنى قەتئىي توسۇپ، ئاسان قولغا كەلمىگەن بۇ ياخشى ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلىشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئومۇميىلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئىلمىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆپلەپ كۈچ چىقىرىش كېرەك. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى دۆلەتنىڭ غەربىنى ئېچىش، يېزا ئىگىلىكتە نامراتلارنى يۆلەپ روناق تاپقۇزۇش، چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتقان مۇھىم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشقا يېتەكلەپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ باي بولۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش داۋامىدا بەختلىك تۇرمۇش يارىتىشقا يېتەكلىشى كېرەك. جەمئىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىدا كۆپلەپ خىزمەت ئىشلىشى، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشنىڭ يېڭى يولى ۋە چارىلىرىنى تېپىپ، مۇلازىمەتنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش، كەسپلىشىش، ئىلمىيلىشىش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش خىزمىتىدە ئۈلگە بولۇش لازىم. باشتىن ئاخىر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، (داۋامى 7 ـ بەتتە)

المسلم الصينى مۇنداربجه

## ئالاھىدە خەۋەرلەر


جيا چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى .......... ئۆز خەۋەرچىمىز(1)

جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى .................. ئۆز خەۋەرچىمىز(4)

جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىش نۇتقى .................... ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن (6)

ۋەتەننى سۆيۈپ، دىننى سۆيۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتايلى ....... ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ(8)

«جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى دوكلات ........ ئابدۇلئەتىپ ئابدۇرەھىم داموللا ھاجى(22)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى .................. (27)

جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى ........................................ (32)

جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ شىنجاڭلىق ۋەكىللىرى ئىسىملىكى .......................... (34)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك شىنجاڭلىق ھەيئەت ئەزالىرى . ........................................ (35)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 9 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئىسىملىكى... (35)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 9 ـ نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە باش كاتىپى ئىسىملىكى.......................... (36)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 9 ـ نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ مەسلىھەتچىلەر ئىسىملىكى ........................................ (36)


## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى


شۈكۈر قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ............. ياقۇپجان ئەزىز(37)


## قۇرئان كەرىم تەپسىرى


«مۇئمىنۇن» سۈرىسىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا ــــ «مۇئمىنۇن» سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى 11 ئايىتىنىڭ قىسقىچە تەپسىرى ........................ ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد(41)





جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى
中国穆斯林
(پەسىللىك ژۇرنال    ئومۇمىي 101 ـ سان)
(季刊    总第101期)



پەخرىي باش مۇھەررىر: شەمشىددىن ھاجى
باش مۇھەررىر: ئادىلجان ھاجى كېرىم
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ھاجى بارات رەجەپ
مۇھەررىرلەر: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد
مۇھەممەد ئابدۇللا ئۆمەر
گۈزەل سەنئەت تەھرىرى، بەت ياسىغۇچى:
شەمشىنۇر ھوشۇر
名誉主编: 夏米西丁·哈吉
主编: 阿地里江·阿吉克力木
副主编: 巴拉提·拉吉甫
编　辑: 安尼玩买买提
买买提阿布拉·艾买尔
美编、排版: 夏美希努尔·吾守尔



刊号 ISSN1007－5836 : خەلقئارالىق نومۇرى
CN11－1346/B :دۆلەت ئىچى نومۇرى
邮发代号 : 58—167: پوچتا ۋاكالەت نومۇرى
Q1720 : چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى
国外代号: Q1720



E-mail: ujmtb@yahoo.com.cn

CHINA MUSLIM

# مۇندەرىجە

## ۋەز-تەبلىغ


ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ پەزىلىتى ..........
..........ئابدۇقادىر ئابدۇللا(50)


## ئىسلام دىنى ۋە ئەدەپ-قائىدە


مېھماندارچىلىق ۋە سورۇندا ئولتۇرۇشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى ........
..........ئامانۇللا ھىزبۇللا(52)


## ئىسلام دىنى ۋە ئەدەپ-ئەخلاق


گۈزەل ئەخلاقنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتى .......
.......... شاكىر ئىلھام(58)


## مۇسۇلمان ئالىملار


ئىمام ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمى پائالىيەتلىرى..........
.......... ئىمامنىياز ھاجىم(61)
ئىسلام ئەللىرىدىن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلار ..
.......... ئىلھام مۇھەممەد(67)


## ئالىم-ئۇلىمالىرىمىز


ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى، ئۇستاز ئابدۇلھەمىد يۇسۇپ داموللا ھاجىنىڭ
ئۆگىنىش روھى توغرىسىدا..........ئابدۇلھەي مۇھەممەدنىياز(70)


## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى


جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى..........(40)
قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇۋىلەرنى تەربىيەلىدى..........
.......... نىجات غوپۇر(57)
قارىماي شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى
..........قۇربانجان سۇلتان(57)
تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار، خەۋەرلەر..........(74 — 73)
ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 2011-يىللىق سانلىرىدىكى
ئاساسلىق ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى ..........(75)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: مەككە مۇكەررەمەدىكى ھەرەم مەسچىتىنىڭ تىنچلىق دەرۋازىسى


بۇ سان 2011-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى



ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغا تەۋە. ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسلەرنىڭ رۇخسىتىمىزنى ئالماي تۇرۇپ، ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ياكى باشقىچە ئۇسۇلدا ئىشلىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قانۇني جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.



2011
4

مەسئۇل ئورۇن: دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى
باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورو
پوچتا نومۇرى: 100053
تېلېفون نومۇرى: (010) 59313090, 59313021
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:
ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلۇڭجياڭ يولى 280-قورو
پوچتا نومۇرى: 830002؛ ئالاقىلەشكۈچى: ئەكبەر
تېلېفون نومۇرى: (0991) 5508069
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ(بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

主管单位：国家宗教事务局
主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：中央民族大学印刷厂
订阅、发行：全国各地邮局，乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维编部
地址：北京市宣武区南横西街103号
邮编：100053
电话：(010) 59313090, 59313021
新疆发行站：乌鲁木齐市黑龙江路280号
邮编:830002　电话：(0991)5508069
联系人：艾克拜尔
国外发行：中国国际图书贸易公司
(北京399信箱)

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى 2011 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك، دۇڭشياڭ، سالار، باۋئەن قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەكىللىرى ۋە مائارىپ، ئىلىم - پەن، ئاخبارات، ئىقتىساد، ئەدەبىي سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى بولۇپ 367 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن شىنجاڭلىق ئىمام ئەبەيدۇللا داموللامنىڭ قىرائىتى بىلەن باشلاندى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى بەي لىچېن، ئابلەت ئابدۇرىشىت قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى ھەمدە مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زوئەن، مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ لېبىن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2 - ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاۋ شۆيى قاتارلىق رەھبەرلەر تەكلىپكە بىنائەن يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلدى، ۋاڭ زوئەن يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىنغا يەنە جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى چۇەن يىن، جۇڭگو داۋجاۋ دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جىيۇ قاتارلىق بېيجىڭدىكى ھەرقايسى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى ۋە يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى.

يىغىنغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي رىياسەتچىلىك قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن يىغىندا ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ 8 - نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتكە ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى.

رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئېچىلىش نۇتقىدا ئالدى بىلەن مەركەز ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار رەھبەرلىرىنىڭ يىغىنغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى ھەمدە ئۇلارنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى ۋەكىللەر يىغىنى جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم مەزگىلىدە ئېچىلغان ئىنتايىن مۇھىم يىغىن بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئۈچۈن چوڭ ئىشتۇر. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ باش تېمىسى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە دىن خىزمىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش. نۆۋەت ئالمىشىش يىغىنى ئارقىلىق جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇش. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مەزمۇنى مول، ۋەزىپىسى ئېغىر، ئەھمىيىتى زور. بىز ۋەكىللەردىن ئەستايىدىل ۋە قەتئىي ھالدا ئۆزىمىزنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ۋەزىپە - بۇرچىمىزنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، تەرەققىياتنى قەلبىمىزگە باغلاپ، ئورتاق ھالدا لايىھە - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، بۇ قېتىمقى يىغىننى ھەقىقىي ھالدا ئىتتىپاقلىق، دېموكراتىيە يىغىنى، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى پىلانلاش يىغىنى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش يىغىنى، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش يىغىنى قىلىپ ئېچىشنى ئۈمىد قىلىمىز. (ئېچىلىش نۇتقى ژۇرنىلىمىزدا ئايرىم بېرىلدى)

ۋاڭ زوئەن ئۆز سۆزىدە ئالدى بىلەن يىغىننىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك ھەيئىتى ۋە رەھبەرلىك

ئالاھىدە خەۋەرلەر

كوللېكتىپنىڭ 5يىلدىن بۇيانقى كۈرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشىغا ئاكتىپ ياردەملىشىش، "شەرىئەتنى چۈشەندۇرۇش" خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، ھەجگە تەشكىللەش ۋە مۇلازىمەت قىلىشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي - دىنىي ئاممىلارغا چېتىلىدىغان تاسادىپىي ۋەقەلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەملىشىش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش، تاشقى ئالاقىنى تىرىشىپ كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ۋە ئوينىغان ئالاھىدە رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدى: بىرىنچى، ۋەتەننى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىق، تىنچلىق ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش؛ ئىككىنچى، ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئۈچىنچى، تەپسىر ۋە شەرھىشۇناسلىق ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇش؛ تۆتىنچى، ھەج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ بەشىنچى، دىنىي زاتلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىش؛ ئالتىنچى، تاشقى ئالاقە - ھەمكارلىقنى تىرىشىپ قانات يايدۇرۇش.

ۋاڭ زوئەن ئۆز سۆزىدە: 5 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن رەئىسلىكىدىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 - نۆۋەتلىك ھەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بەلگىلىگەن تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنىنىڭ ئىناقلىقى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، دۆلەت بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشتى، دېدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمىتى توغرىسىدا، ئۇ مۇنۇلارنى ئۈمىد قىلدى: يېڭى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، دەۋرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بەختلىك تۇرمۇش بەرپا قىلىش ۋە گۈزەل يۇرت - ماكان قۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل پاراستى ۋە كۈچىنى بېغىشلاپ، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتەك تەسىرلىك ملودىيىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى لازىم.

يىغىندا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خوڭ چاڭيۇ 8 - نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتكە ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى. دوكلاتنىڭ بىرىنچى قىسمىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 5 يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى 7 جەھەتتىن ئەسلەپ ئۆتۈلدى، ئىككىنچى قىسمىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا 6 جەھەتتىن تەكلىپ بېرىلدى(دوكلاتنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ژۇرنىلىمىزدا ئايرىم بېرىلدى).

يىغىندا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلتىپ دامولла «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»(تۈزىتىلگەن لايىھە) توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى؛ يىغىن «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»(تۈزىتىلگەن لايىھە)نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى جەمئىيەت گېربىنى قاراپ چىقتى ۋە پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللىدى. يىغىندا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 9 - نۆۋەتلىك ھەيئەتى سايلاپ چىقىلدى ۋە 9 - نۆۋەتلىك ھەيئەتنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا دائىمىي ھەيئەت رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ قاتارلىق رەھبەرلىك كوللېكتىپى سايلاپ چىقىلدى، كېڭەشچى ئارقىلىق مەسلىھەتچىلەر كۆرسىتىلدى. باش كاتىپ كۆرسەتكەن مۇئاۋىن باش كاتىپلار ئىسىملىكىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى.

يىغىن «جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 - نۆۋەتلىك ھەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى قارارى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى(قارارنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ژۇرنىلىمىزدا ئايرىم بېرىلدى).

يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستاپا ياڭ جىبو رىياسەتچىلىك قىلدى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ لېبىن، مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2 - ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يۈەن شا قاتارلىق رەھبەرلەر يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. جاڭ لېبىن يىغىندا سۆز قىلىپ، يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى مۇبارەكلىدى ۋە ئۆزىنىڭ كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدىرىددىن گو چېڭجېن يىغىننىڭ يېپىلىش نۇتقىنى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ئىرادە ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ

## ئېچىلىش نۇتقى

**(2011 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى)**

ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ۋەكىللەر، مېھمانلار، دوستلار، يولداشلار:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىكى، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بۈگۈن داغدۇغىلىق ئېچىلدى!

دۆلىتىمىزنىڭ 12 ـ بەش يىللىق پىلانى باشلانغان، مەملىكىتىمىز ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى تەبرىكلەش خۇشاللىقىغا چۆمۈۋاتقان، روزى ھېيت ئەمدىلا ئۆتكەن خاسىيەتلىك كۈنلەردە، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بېيجىڭغا جەم بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى مۇھاكىمە ـ مۇزاكىرە قىلماقتىمىز، بىز چەكسىز خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىققا چۆمۈۋاتىمىز. مەركەز ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى تەكلىپ بىلەن ئالدىراش ۋاقىتلىرىدىن ۋاقىت چىقىرىپ يىغىنىمىزغا قاتنىشىۋاتىدۇ، بۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارغا بولغان غەمخورلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. بىز ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز ۋە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز!

بۇ قېتىمقى ۋەكىللەر يىغىنى مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتقان، ئومۇمىي يۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق چوڭ يىغىن بولۇپ، بۇ جۇڭگو ئىسلام دىنى ئۈچۈن زور ئىشتۇر. بۇ قېتىملىق يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، ئىسلام دىنى بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئۆزئارا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش ۋە كۈچەيتىش، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى تەسىر كۈچى، ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىش، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ باش تېمىسى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە دىن خىزمىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش. نۆۋەت ئالمىشىش يىغىنى ئارقىلىق جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇش.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇنىڭ 8-نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتكە ۋاكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ھەم قاراپ چىقىپ ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈش؛ «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»(تۈزىتىلگەن لايىھە)نى قاراپ چىقىپ ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈش؛ بېلەت تاشلاش ئارقىلىق جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت گېرىبىنى مۇقىمداش؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 9-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنى سايلاپ چىقىش. يىغىن داۋامىدا يەنە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 9-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 1-سانلىق يىغىنى ئېچىلىپ، يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى سايلاپ چىقىدۇ.

ۋەكىللەر، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مەزمۇنى مول، ۋەزىپىسى ئېغىر، ئەھمىيىتى زور. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى بۇ قېتىمقى يىغىندىن سەممىي ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە. بىز چوقۇم ئۇلارنىڭ ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى يەردە قويماي، ئەستايىدىل ۋە قەتئىي ھالدا ئۆزىمىزنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ۋەزىپە-بۇرچىمىزنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، تەرەققىياتنى قەلبىمىزگە باغلاپ، ئورتاق ھالدا لايىھە-تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئاچايلى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن يىغىن بەلگىلىگەن ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىنى چوقۇم غەلىبىلىك ئورۇنلايدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن ھەقىقىي ھالدا ئىتتىپاقلىق، دېموكراتىيە يىغىنى، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى پىلانلاش يىغىنى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش يىغىنى، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش يىغىنى بولىدۇ.

يىغىننىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىغا تىلەكداشمەن!

ئاللاھ تائالا ئىشلىرىمىزغا ياردەمچى بولسۇن! ئامىن!

---

(بېشى 1-بەتتە)مۇسۇلمانلارنى باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ”3تە ئايرىلالماسلىق“ ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش، ئۇلۇغ ۋەتەن، جۇڭخۇا مىللىتى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمغا بولغان ئورتاق تونۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە ئىناقلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىشى لازىم. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دۆلەت ئېڭى، قانۇن ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، دىن بىلەن سىياسىي، ئېتىقاد بىلەن قانۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا تونۇپ ھەم توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن-تۈزۈمى يول قويغان دائىرىدە دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدىغان خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ھەقىقىي قوغدىشى كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئاساسنى پۇختىلاپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئۈنۈمگە ئېرىشىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ھەم ئۇلارنى يېتەكلەپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى رازى قىلىشنى خىزمەت ئۆلچىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەت ئىستىلىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىۋى ئاساسنى پۇختىلاپ، مۇلازىمەت ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىچكى جەھەتتىن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەر تۈرلۈك قائىدە-نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قېلىپلاشقان، دېموكراتىيەلەشكەن، ئىجتىمائىيلاشقان باشقۇرۇشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە تەدرىجىي ئىزدىنىشى كېرەك. جايلاردىكى ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، توغرا ئوقۇتۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىننى سۆيىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد ياش، ئوتتۇرا ياش تايانچ خادىملارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى كۈچ قوشۇشى لازىم.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۈ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دۇ چىڭلىن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زوئەن قاتارلىقلار بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# ۋەتەننى سۆيۈپ، دىننى سۆيۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتايلى

— جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا بېرىلگەن دوكلات
(2011 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى)

ئىبراھىم خوڭ چاڭيۇ

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ۋەكىللەر، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

مەن ھازىر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەت يىغىنىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن بۇ يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بەرمەكچىمەن، يىغىن ئەھلىنىڭ بۇنىڭغا قاراپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 9 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى "12 ـ بەش يىللىق" پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش باشلانغان، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا 90 يىل بولغان، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىدا زور تەرەققىياتلار بولۇۋاتقان مۇشۇنداق مۇھىم مەزگىلدە ئېچىلغان ناھايىتى مۇھىم يىغىندۇر. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ باش تېمىسى: دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە دىن خىزمىتىنىڭ باش پرىنسىپىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش. نۆۋەت ئالمىشىش يىغىنى ئارقىلىق جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇش.

## ئۆتكەن بەش يىللىق خىزمەتلەر

2006 ـ يىل 5 ـ ئايدا جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلۇقى، مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ياردىمىدە، دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسى ۋە مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەئىس ھىلالىددىن چېن گۋاڭيۈەن ئاخۇن باشچىلىقىدىكى 8 ـ نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىدىيەنى ئازادىلاشتۇرۇپ، ئومۇملۇق ئېڭى، مەسئۇلىيەت ئېڭى، مۇلازىمەت ئېڭى، ئۆگىنىش ئېڭىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، كۈندىلىك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، مۇھىم پەيتلەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەر قايسى خىزمەتلەردە گەۋدىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس تىكلىدى.

### 1. ئومۇمىي ۋەزىيەتنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش خىزمىتىدە يېڭى تۆھپىلەرنى قوشتۇق

مۇقىملىق — مىللەتلەر ئىناقلىقى، دىنلار ئىناقلىقى، جەمئىيەت ئىناقلىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مۇقىملىق سىياسەت، مۇقىملىق ئومۇمىي ۋەزىيەت دېمەكتۇر. 5 يىلدىن بېرى، بىز پارتىيە، خەلقنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېسىمىزدە چىڭ

تۇتۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، گۇمانىنى تۈگىتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان كۈچلەر ۋە قىلمىشلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغدىدۇق.

شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۆزلۈك تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى، ئىسلام دىنى بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك ئىزدىنىشتۇر. شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى باشلانغىلى 10 يىل بولدى. بىز دەسلەپكى 5 يىللىق مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى تەرەققىياتىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ بۇنىڭغا ئاكتىپ ماسلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتۇق. 2011-يىل 4-ئاينىڭ 25-كۈنى رەئىس جيا چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام دىنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىقىنى خۇلاسىلەش چوڭ يىغىنىدا بۇ خىزمەتكە يۇقىرى باھا بېرىپ، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى مەسىلىنىڭ تۈپ نېگىزىنى تۇتىدىغان، ئاساس تىكلەيدىغان، كەلگۈسىگە مەسئۇل خىزمەت، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ئەڭگۈشتەر، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىدىغان قورال، دىن بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشتىكى يېڭى باشلىنىش. شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئىسلام شەرىئىتىدىكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىدىغان ئاكتىپ ئىدىيىلەرنى يورۇتۇپ ھەم تېخىمۇ بېيىتىپ، 'ئۈچ خىل كۈچ'نىڭ ئىسلام شەرىئىتىنى بۇرمىلاشلىرىغا رەددىيە بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىدى". رەئىس جيا چىڭلىننىڭ بۇ مۇھىم سۆزى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىز ۋە بۇرچ تۇيغۇمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتتى ھەمدە ئىسلام دىنى خىزمىتىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئىرادىمىزنى مۇستەھكەملىدى.

شەرىئەتنى چۈشەندۈرگۈچى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتتۇق. 2008-يىلدىن باشلاپ بىز دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە يەرلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا ماسلىشىپ، بېيجىڭ، خېبېي، نىڭشيا، گەنسۇ، چىڭخەي، يۈننەن، شەندۇڭ قاتارلىق جايلاردا شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىدىكى غوللۇق خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىنى كۆپ قېتىم ئاچتۇق. كۇرسقا 700 دىن كۆپ كىشى قاتناشتى. كۇرس ئارقىلىق شەرىئەتنى چۈشەندۈرگۈچى خادىملارنىڭ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ باش نىشانى ۋە ئۇسۇلىغا بولغان تونۇشى چوڭقۇرلىشىپ، نەزەر دائىرىسى ۋە پىكىر يولى ئېچىلىپ، جايلاردىكى شەرىئەتنى چۈشەندۈرگۈچى خادىملار قوشۇنىنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولدى.

شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمەت مېخانىزمى بەرپا قىلدۇق. 8-نۆۋەتلىك 3-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەت يىغىنىدا شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمەت مېخانىزمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويغاندۇق. 2009-يىل 4-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىملىق شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئالاقىلەشكۈچىلىرى يىغىنى چاقىرىپ، ئالاقىچىلار مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورناتتۇق.

شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى نەتىجىلىرىنى مەيدانغا چىقاردۇق. يېڭى ۋەز-تەبلىغلەرنى يېزىش شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش نەتىجىلىرىنىڭ خۇلاسىسى ۋە ئۇنىڭ يۈكسەلدۈرۈلۈشىدۇر. 5 يىلدىن بۇيان جەمئىيىتىمىز ۋە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»(4-توپلام)، «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»(1—4-توپلام مەجمۇئەسى) قاتارلىق 10 توپلامنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇپ، دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، پارتىيە، ھۆكۈمەتنى، ئىسلام دىنى زاتلىرىنى، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى رازى قىلغان "3نى رازى قىلغان" يېڭى ۋەز-تەبلىغلەرنى تارقىتىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتۇق.

بارلىق كۈچىمىز بىلەن جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدىدۇق. لاسادا "14-مارت" ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ زوراۋانلىق قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئاۋامنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەدىرلەشكە چاقىرىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتكە ئاكتىپ

يارىدەملىشىپ مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. ئۈرۈمچىدە "5-ئىيۇل" ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقان ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىرى كېچىلەپ ئالاقىلىشىپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنى جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇردى؛ ۋەقە يۈز بەرگەن دەسلەپكى ۋاقىتتىلا ئىنتېرنېت ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق زوراۋانلىق جىنايى قىلمىشلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى "تۆتنى قىلماسلىق، بىردە چىڭ تۇرۇش"(پىتنە ئىغۋا تارقاتماسلىق، پىتنە-ئىغۋاغا ئىشەنمەسلىك، قۇتراتقۇلۇقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىق، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قاتناشماسلىق؛ قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش) قا چاقىردى. ئارقىدىنلا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھىلال ئىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇننىڭ نامىدا «مۇسۇلمانلار زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، تىنچلىقنى قوغدايدۇ»، «ئىغۋا سۆزلەرگە ئىشەنمەي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايلى» دېگەن تېمىدا ۋەز-تەبلىغ يېزىپ ھەم تارقىتىپ، ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرىنى ئاكتىپ ھەرىكەتكە كېلىپ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ۋەز-تەبلىغ سۆزلەشكە چاقىرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە زوراۋانلىق قىلمىشنى بېسىقتۇرۇش جەھەتتە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىدى. بىزنىڭ قەتئىي پوزىتسىيىمىز ۋە قوللانغان تەدبىرىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ھەمدە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى، شۇنداقلا جيا چىڭلىن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

5 يىلدىن بۇيان بىز دىنلار ئىناقلىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەننى سۆيۈش ئېڭى، ئىتتىپاقلىق ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى ۋە قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىسلام دىنىغا ئالاقىدار تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلدۇق؛ مىللەت، دىن سىياسىتى، دىنىي ئىشلار، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىتلەر، دىنىي خادىملار ۋە مۇسۇلمانچە يېمەكلىككە مۇناسىۋەتلىك 300 پارچىغا يېقىن ئاممىۋى خەت-چەكنى بىر ياقلىق قىلدۇق، 150 تىن ئارتۇق زىيارەتچى ۋە 400دىن ئارتۇق تېلېفوننى قوبۇل قىلىپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك پەسەيتتۇق.

**2. دىن ئىشلىرىنى پۇختا، ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق**

دىن ئىشلىرى خىزمىتى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى بولۇپ، ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆۋرۈكلۈك، ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ؛ ئۇ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا خىزمەت قىلىشتىكى بىۋاستە ئۇسۇل، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدىغان مۇھىم ئامىل، ئىسلام دىنى خىزمىتىدىكى ھاياتىي كۈچنىڭ گەۋدىلىنىشى، شۇنداقلا ئىسلام دىنى بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئۈنۈملۈك ۋاستە. 5 يىلدىن بۇيان بىز ھەر تۈرلۈك دىنىي خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردۇق.

"ئۈچ چارە"نى تولۇق يولغا قويدۇق. دىن ئىشلىرى نىزامىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو ئىسلام دىنى 8-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى «مەسچىتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش چارىسى»، «ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى» ۋە «ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنىدىكى ئاساسلىق دىنىي خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش چارىسى»نى ماقۇللىغانىدى. بەش يىلدىن بۇيان، بىز "ئۈچ چارە"نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، بۇ جەرياندا مەيدانغا كەلگەن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەم ھەل قىلىپ، مەسچىتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش، دىنىي خادىملارنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش ۋە ئۇلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش جەھەتتە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

"ئىناق مەسچىت" بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق. "ئۈلگىلىك مەسچىت"نى باھالاش پائالىيىتى تەجرىبىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلەش ئاساسىدا، بىز 2009-يىلى مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرگە "ئىناق مەسچىت" بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدە تەشەببۇسنامە چىقىرىپ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا ماسلىشىپ، ھەر قايسى جايلاردا قانات يايدۇرۇلغان ئىناق مەسچىت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پائال ئىلگىرى سۈردۇق. بۇ پائالىيەتتە بارلىققا كەلگەن ئىناق مەسچىت، مەسچىت باشقۇرۇش

ھەيئىتىنىڭ مۇنەۋۋەر مۇدىرى ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدۇق. 2010 ـ يىلى تۇنجى قېتىملىق ”مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مۇدىرلىرى تەربىيىلەش كۇرسى“ ئاچتۇق.

مەملىكەت خاراكتېرلىك دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزدۇق. بىز 6 ـ ۋە 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ يېڭى ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا تۈرتكە بولدۇق ھەمدە دىنىي زاتلارنىڭ يېڭى ۋەز ـ تەبلىغ ئۆگىنىش، يېڭى ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلەش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدۇق، نەتىجىدە بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار يېڭى ۋەز ـ تەبلىغنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان بولدى، چۈشىنىپ ئاڭلىغان ۋەز ـ تەبلىغلەر ئۇلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. بىز يەنە 7 ـ ۋە 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ، جايلاردىمۇ قۇرئان تىلاۋەت مۇسابىقىسىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، بىر تۈركۈم قارىيلارنى تاللىدۇق ۋە تەربىيىلىدۇق.

مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى نازارەت قىلىش ۋە گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتىنى كۈچەيتتۇق. مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى نازارەت قىلىش سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، سەزگۈرلۈك دەرىجىسى يۇقىرى خىزمەت بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 5 يىلدىن بۇيان بىز چەت ئەلنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىدىن ئۆلگە ئېلىپ، باشقۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۇق؛ ئىشلەپچىقارغۇچى كارخانا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىغا بولغان نازارەت ھەم تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىش ۋە گۇۋاھلىق بېرىش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا مۇلازىمەت قىلدۇق.

### 3. ھەجگە تەشكىللەش خىزمىتىدە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ يېڭىلىق ياراتتۇق

ھەج تاۋاپ كەڭ كۆلەملىك، ئاممىۋى خاراكتېرلىك، دۆلەت ھالقىغان دىنىي پائالىيەت بولۇپ، ھەجگە تەشكىللەش ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم خىزمىتى، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ناھايىتى دىققەت قىلىدىغان، شۇنداقلا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەل رايى خىزمىتى. 5 يىلدىن بۇيان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى، كۆپ تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن ھەج خىزمىتىدە زور يۈكسىلىشلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

ھەج خىزمىتىدە تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلىشتىن ئىبارەت يېتەكچى پرىنسىپنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇردۇق. 2006 ـ يىلى بىز دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا ماسلىشىپ، دۆلىتىمىزدىن چىققان تارقاق ھەج قىلغۇچىلار پەيدا قىلغان ”پاكىستانغا يىغىلىۋېلىش ۋەقەسى“نى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر تەرەپ قىلدۇق. شۇندىن كېيىن تەشكىللىك ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سانى تارقاق ھەج قىلغۇچىلاردىن ئاشقان چوڭ ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى تارقاق ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سانى نەچچە مىڭدىن نەچچە ئونغا چۈشتى. بىز تارقاق ھەج قىلغۇچىلارنى چەكلەش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ، تەشكىللىك ھەجگە ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي يولىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، مۇلازىمەت سۈپىتىمىزنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ئۇيۇشتۇرۇش ئىقتىدارىمىز ۋە تەسىر كۈچىمىزنى داۋاملىق كۈچەيتتۇق. 5 يىلدىن بۇيان تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلغۇچىلار سانى جەمئىي 65مىڭ 639 گە يېتىپ، تارقاق ھەج قىلغۇچىلار كۆرۈنەرلىك ئازايدى. بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى خاتىرجەم قىلدۇق، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى رازى قىلدۇق.

ھەج پائالىيىتىدە ”ئىككى بىخەتەرلىك“كە كاپالەتلىك قىلدۇق. ھەج خىزمىتىدىكى سىياسىي بىخەتەرلىك ۋە ھاجىلارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەج خىزمىتىگە قويغان ئاساسلىق تەلىپىدۇر. 5 يىلدىن بۇيان بىز بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى، داۋالاش مۇلازىمىتىمىزنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدۇق، ھەج قىلغۇچىلارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، بۇ جەھەتتە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. بولۇپمۇ 2009 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە يۈز بەرگەن ”5 ـ ئىيۇل“ ۋەقەسى ۋە داۋاملىق ئەۋج ئالغان Aتىپلىق H1N1 يۇقۇملۇق زۇكام ھادىسىسى ھەج خىزمىتىگە زور خىرىس ئېلىپ كەلدى. بۇ خىل مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا بىز ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ، تەشۋىقاتقا ئۇيۇشتۇرۇش، خادىم سەپلەش، مۇداپىئە لايىھىسى تۈزۈش، تۈزۈم ئورنىتىش قاتارلىق كۆپ تەرەپتىن تولۇق، ئىنچىكە تەييارلىق قىلىپ، ھەج پائالىيىتىدىكى ”ئىككى بىخەتەرلىك“كە كاپالەتلىك قىلدۇق. بولۇپمۇ، پارتىيە ۋە

ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا بىز شۇ يىلى دۇنيا بويىچە ھاجىلارغا H1N1 يۇقۇملۇق زۇكام ۋاكسىنىسى ئەملىگەن بىردىنبىر ھەج ئۆمىكى بولۇپ قالدۇق.

ھەج ئىشلىرىدا ”ئۈچلەشتۈرۈش“ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىز دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئوتتۇرىغا قويغان ”مېخانىزملاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش، تۇراقلاشتۇرۇش“ نىشانىغا ئاساسەن، ھەج ئىشلىرىدا ”ئۈچلەشتۈرۈش“ قۇرۇلۇشىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈردۇق: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنى ھەجگە تەشكىللەش خىزمىتى يېتەكچىسى» ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج پائالىيىتىگە دىنىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش پىكىرلىرى» ناملىق ئۆلچەملەشكەن ئىككى خىزمەت قوللانمىسى ۋە بىر تۈركۈم قېلىپلاشتۇرۇلغان ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ چىقتۇق؛ ھەجگە بارغۇچىلارنىڭ توردا نۆۋەت بويىچە تىزىملىتىشىنى يولغا قويدۇق ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردۇق؛ ئالاقىچىلار تۈزۈمى ئورناتتۇق؛ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆلچەملىك مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، 2010- يىلى تۇنجى قېتىم سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ھەج تاۋاپ تاشقى پىرېۋوت مەخسۇس ھېساباتى ئاچتۇق. ھەجگە بارغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش، ۋاكسىنا ئەملەش، ھەج مەزگىلىدە داۋالىنىش ۋە كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈش، ھەج تەشكىلىنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىزىغا سېلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىق مېخانىزمى ئورناتتۇق.

ھەج پائالىيىتىنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش قوشۇنىمىزنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتۇق. دۆلىتىمىزدىن ھەجگە چىقىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ يىلدىن يىلغا كۆپىيىشى ھەجگە تەشكىللەش ئىقتىدارىمىزغا ئۈزلۈكسىز يېڭى تەلەپلەرنى قويدى، بۇنىڭغا ماسلىشىش ئۈچۈن بىز ئۆمەك يېتەكچىلىرى قوشۇنىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، نۇقتىلىق ئۆلكىلەردە ئۆمەك يېتەكچىلىرى تەربىيىلەشنى يولغا قويدۇق؛ دىن ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنىڭ ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆمەك ئىماملىرىنى تەشكىللىك باشقۇرۇش ۋە داۋاملىق تەربىيىلەش سالمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردۇق؛ يەرلىك كادىرلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇپ، باش ئۆمەكنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتتۇق.

ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيىمىز ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 5 يىلدىن بۇيان بىز ھەجگە تەشكىللەش خىزمىتىنى كۆپ تەرەپتىن ياخشىلاپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە بىۋاستە ئۇچۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق، بۇنىڭ بىلەن ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سەپەر ۋاقتى قىسقىراپ، سەپەر جاپاسى يەڭگىللىدى؛ ھاجىلارنىڭ ياتاق شارائىتىنى ياخشىلىدۇق، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان ياتاق بوشلۇقى ئەسلىدىكى 3 كۋادرات مېتىردىن 4 كۋادرات مېتىرغا يەتتى؛ ھەج قىلغۇچىلار چېگرىدىن كىرىپ چىقىدىغان تۆت تاموژنا ئېغىزى بار ئىدى، 2007- يىلى يىنچۇەن ئايروپورتى ھەج قىلغۇچىلار ئولتۇرىدىغان ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇپ- چۈشۈشى ئۈچۈن يېڭىدىن ئورۇن كۆپەيتىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن ھەج قىلغۇچىلار كۆپ ئۆلكىدىن ھەجگە ماڭغۇچىلار يېقىن ئارىلىقتىن ئايروپىلانغا چىقىدىغان بولدى؛ داۋالاش خىزمەت گۇرۇپپىسىنى كۈچەيتىپ، دوختۇر ۋە دورىلارنى كۆپەيتتۇق؛ تاماقنى بىر تۇتاش تەمىنلەشنى تەدرىجىي يولغا قويدۇق ۋە كېڭەيتتۇق.

**4. مەدەنىيەت تەشۋىقاتى خىزمىتىدە ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دەۋرگە ئەگىشىپ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق**

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ، جەمئىيەت ۋە دەۋر تەرەققىياتىغا پايدىلىق مەزمۇنلارنى قېزىپ، ئىسلام دىنى بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بىز ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام مەدەنىيىتى تەشۋىقاتى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

تەشۋىقات ۋە ئىلىم، مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردۇق. بىز دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەشۋىقات خىزمىتىنى ھەر خىل شەكىللەر بىلەن قانات يايدۇردۇق؛ ئىككى سان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»(تاللانغان ماقالىلار)نى تۈزۈپ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە، ئەرەبچە نەشر قىلدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرىغا ئەۋەتىپ بەردۇق؛ 2007- يىلدىن بۇيان «مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن»، «چۆلدىكى بوستانلىق—شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى»، «ھەج يولى» قاتارلىق ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەپ ھەم ئىشلەشكە قاتنىشىپ، دۆلىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ئەھۋالى ۋە مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ ھەج پائالىيىتىنى تونۇشتۇردۇق؛ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى، دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى قاتارلىق

مەدەنىيەت تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىمىزنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، ئەل ئىچىدىكى ئىسلام تەتقىقاتچىلىرى بىلەن بولغان ئىلىم ئالماشتۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام ئىلمى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنى پائال يۈكسەلدۈردۇق. 2009 ـ يىلى جۇڭچىڭدا "چېڭدا پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ غەربكە ـ جۇڭچىڭغا يۆتكەلگەنلىكىنىڭ 65 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى" ئۆتكۈزۈپ، "ئاللاھقا ئىخلاسمەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنۇش، دۆلەتنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش" ئۇقۇمىنى تەكىتلىدۇق؛ 2010 ـ يىلى گۇيياڭدا "ۋاڭ جىڭجەي ئاخۇننىڭ ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش ئىدىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى" ۋە "ۋاڭ جىڭجەي ئاخۇننى خاتىرىلەپ ئابىدە ئورنىتىش مۇراسىمى" ئۆتكۈزۈپ، ۋاڭ جىڭجەي ئاخۇننىڭ ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشتەك ئېسىل پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ھەم ئۇنى يۈكسەلدۈرۈش، ئۇنىڭ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرغان، بىر ئۆمۈر توغرا يولدا ماڭغان ھاياتىنى ئەسلەش ھەم ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ باردۇق. بىز يەنە "ئىسلام دىنى ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش"، "چېڭدا پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ گۇيلىنغا يۆتكەلگەنلىكىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇھاكىمە يىغىنى" قاتارلىق ئىلمىي يىغىنلارنى ئۆتكۈزدۇق؛ "جۇڭگو خۇيزۇشۇناسلىق جەمئىيىتى يىللىق يىغىنى"، "دىن ۋە خەير ـ ساخاۋەت مۇھاكىمە يىغىنى" قاتارلىق ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇق. «جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى»نى ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ يېڭى قىياپىتى» ناملىق چوڭ تىپتىكى رەسىملەر توپلىمىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردۇق.

مۇسۇلمانلار مەتبۇئاتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار گېزىت ـ ژۇرناللىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، كۆلىمى زورايدى. ھازىر گەنسۇ، گۇاڭجۇ، نىڭشيا، شاڭخەي، شەنشى قاتارلىق 10 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ئۆزلىرىنىڭ «مۇسۇلمانلار»ژۇرنىلىنى تەسىس قىلدى، جايلاردىكى مۇسۇلمانلار گېزىت ـ ژۇرنىلى 10 خىلغا يەتتى. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى(خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نۇسخىسى) توغرا نىشاندا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچى ۋە ئۇنىۋېرسال سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن "مەملىكەتلىك نۇقتىلىق خەنزۇچە ژۇرنال"، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى باھالاش مەركىزى تەرىپىدىن خەنزۇچە ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرىدە نەقىل ئىندېكسى (CSSCI) ئېلىنىدىغان مەنبە ژۇرنال دەپ بېكىتىلدى. ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى شىنجاڭدا تارقىلىدىغان بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلى بولۇپ، بەش يىلدا جەمئىي 1 مىليون 27مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. بۇ ژۇرنال ئۆز سەھىپىسىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى، ئىسلام شەرىئىتى ۋە ئەھكاملىرىغا دائىر كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىق، تىنچلىق، ئەپۇچانلىق، ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇش ئىدىيىلىرىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، "ئۈچ خىل كۈچ"نىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن پىكىر يېتەكچىلىكى جەھەتتىن مۇھىم رول ئوينىدى.

ئىسلام دىنىغا ئائىت قەدىمىي ئەسەرلەرنى رەتلەش، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى بېكىتىش ۋە ئاسراش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتۇق. 2010 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، بېيجىڭ شەھىرى دۇڭسى مەسچىتى بىرلىكتە "چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن يېزىپ بەرگەن، ۋاڭ فېڭتۇڭ تاشقا ئويغان «قۇرئان كەرىم»نى سوۋغا قىلىش مۇراسىمى" ئۆتكۈزدى. بىز يەنە دۆلەت ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ خۇيزۇ قەدىمىي ئەسەرلىرىنى توپلاپ رەتلەش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز يەنە ئىسلام دىنى مەدەنىي مىراسلىرىنى باھالاش ۋە ئاسراش خىزمىتىگە قاتناشتۇق، مەسىلەن: چىڭخەي ئۆلكىسى شۇنخۇا سالار ئاپتونوم ناھىيىسى جىيېزى مەسچىتى بىلەن گەنسۇ ئۆلكىسى دۇڭشياڭ ئاپتونوم ناھىيىسىدە ساقلانغان، قولدا كۆچۈرۈلگەن ئىككى پارچە قىممەتلىك قۇرئان كەرىمنى تەكشۈرۈپ باھالىدۇق.

تور بېكىتىنىڭ تەشۋىقات، تەربىيە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇردۇق. بىز تور بېكەت قۇرۇلۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردۇق، ئۆز تور بېكىتىمىزنى قۇرۇپ، ئۇنى پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرىدىغان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىسلام دىنى ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزىدىغان، ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر ياخشى سەھنە قىلىش

ئۈچۈن تىرىشتۇق.

**5. تاشقى ئالاقە ئىشلىرىدا ئۆزىمىزنى ئاساس قىلىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلدۇق**

مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز ئىشىنى ئۆزى بېجىرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تاشقى ئالاقە ئىشلىرىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەلئارا دىپلوماتىيەدىكى مۇستەقىل رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردۇق. 5 يىلدىن بۇيان دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، ئەنئەنىۋى دوستانە ئالاقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئاساسىدا يېڭى تاشقى مۇناسىۋەت يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىنى كېڭەيتتۇق.

ئەنئەنىۋى دوستانە ئالاقىنى كۈچەيتتۇق. بىز ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاپ، ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى، ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى، مىسىر ئىسلام ئالىي كېڭىشى، لىۋىيە ئىسلام تەشۋىقاتى جەمئىيىتى قاتارلىق ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى مۇستەھكەملىدۇق. دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى ئىسلام دۇنياسىدا زور تەسىر كۈچكە ئىگە. 2010-يىلى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى دۆلىتىمىزنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدۇق، رەئىس جيا چىڭلىن ئۆمەك ئەزالىرىنى خەلق سارىيىدا قوبۇل قىلدى. ۋەكىللەر جۇڭگودىكى مەزگىلدە بېيجىڭ، شىنجاڭ، گەنسۇ قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر ئۆز دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن جۇڭگونىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى كەڭ تونۇشتۇردى، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن تەرەققىياتلارنى تونۇشتۇرۇپ، ''5-ئىيۇل'' ۋەقەسى ئىسلام دۇنياسىدا پەيدا قىلغان بىر قىسىم خاتا چۈشەنچىلەرنى ئازايتتى.

ئىسلام دۆلىتى ئەمەس دۆلەتلەردىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىنى بارلىققا كەلتۈردۇق. يېڭى ۋەزىيەتتىكى تاشقى ئىشلارنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەلەپ-ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن تاشقى مۇناسىۋەت دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، تاشقى ئالاقە ۋە ھەمكارلىق جەھەتتە ئاكتىپلىق بىلەن يېڭى ساھە ئاچتۇق. 2007-يىلى جۇڭگو-رۇسىيە ئىسلام تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە بېرىش-كېلىش دەرۋازىسىنى ئاچتۇق، ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ئەسلەتمىنامىسى ئىمزالىدى. 2009-يىلى جەنۇبىي ئافرىقا مەملىكەتلىك ئىسلام تەشكىلاتى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆزئارا زىيارەت قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق.

تاشقى ئالاقە ئىشلىرىدا يېڭى پىكىر يولىنى ئاچتۇق. يېڭى ۋەزىيەتتىكى تاشقى مۇناسىۋەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، بىز چەت ئەلدىكى ھەر خىل پائالىيەتكە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىدىغان كونا ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ''ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇپ، چەت ئەلگە چىقىپ پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇش''تەك يېڭى يولنى سىناق قىلدۇق. 2009-يىلى بىز دۆلەت ئىچىدىكى باشقا 4 چوڭ دىنىي تەشكىلات ۋە سىنگاپوردىكى 10 چوڭ دىنىي تەشكىلات بىلەن بىرلىكتە سىنگاپوردا ''جۇڭگو-سىنگاپور 2009-يىللىق دىن مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسى'' ئۆتكۈزدۇق. بۇ جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ تۇنجى قېتىم دىن، مەدەنىيەت، دۆلەت ھالقىغان چوڭ تىپتىكى خەلقئارا دىن، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈشى ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشى بولۇپ، كېيىن ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشىمىزگە پايدىلىق تەجرىبىلەرنى توپلاپ بەردى. 2010-يىلى ھىندونېزىيىدە ''جۇڭگو-ھىندونېزىيە 2010-يىللىق ئىسلام مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسى'' پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ، ھىندونېزىيە مۇسۇلمانلىرىغا جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالى، مەدەنىيىتى، سەنئىتىنى تولۇق، ھەقىقىي كۆرسىتىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە دەۋر گۈزەللىكىنى كۆپ تەرەپتىن نامايان قىلدۇق. بۇ ئىككى دۆلەت ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېتىملىق ئەھمىيەتلىك، مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئىجادىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى بولدى. كۆرگەزمە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، زور تەسىر قوزغىدى.

خەلقئارا ئالاقە ۋە سۆھبەتلەرگە قاتنىشىپ، خەلقئارادىكى دىنلار ئارا پىكىر ھوقۇقىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈردۇق. 5 يىلدىن بۇيان بىز كۆپلەپ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ''دۇنيادىكى دىنلار ۋە مەدەنىيەت مۇلاقات يىغىنى''، ''ياۋروپا، ئاسىيا دىنلار ئارا مۇلاقات يىغىنى''، ''جۇڭگو-ئامېرىكا دىنلار ئارا مۇلاقات يىغىنى''، ''ئاسىيا، تىنچ ئوكيان مۇسۇلمانلىرى غەيرىي ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتلار يىغىنى'' قاتارلىق خەلقئارا شەكىلدىكى دىن ۋە مەدەنىيەت ئالاقە-سۆھبەتلىرىگە قاتنىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد

ئەركىنلىكى سىياسىتىنى كۈچلۈك تەشۋىق قىلىپ، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق. 2008 ـ يىلى كورىيەدە ئېچىلغان''1 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇسۇلمان(ئاز سانلىق) مىللەتلىرى مۇھاكىمە يىغىنى''غا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان مەزگىلدە ''شەرقىي تۈركىستان'' بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدىدۇق.

تاشقى مۇناسىۋەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەندىكى مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرى بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ھەر خىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈردۇق. شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىگە 10 يىل بولغان مەزگىلدە ھەللالدىن چېن گۇاڭيۈەن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى شياڭگاڭنى مۇۋەپپەقىيەتلىك زىيارەت قىلدى. 2010 ـ يىلى تەيۋەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى تەيۋەننى دوستانە زىيارەت قىلدى.

**6. ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىدە نېگىزلىك مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاساسنى پۇختىلاپ يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى بارلىققا كەلتۈردۇق**

ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار پىلان يەنىلا مائارىپنى ئاساس قىلىدۇ. 5 يىلدىن بېرى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشنى مەركەز قىلىپ، دەرسلىك تۈزۈش ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، جۇڭگو ئىسلام مائارىپى سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە پائال تۈرتكە بولدۇق.

دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. دەرسلىك تۈزۈش جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئۇل خاراكتېرلىك خىزمەت، جۇڭگو ئىسلام مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە سىستېما قۇرۇلۇشىدۇر. بىز مەملىكىتىمىزدىكى 5 چوڭ دىنىي ئىنستىتۇتلار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ سىستېمىلىق دەرسلىك تۈزۈشنى باشلىدۇق. 5 يىلدىن بۇيان بىز جەمئىي «مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى»، «قىسقىچە دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات تارىخى»، «قىسقىچە جۇڭگو ئىسلام تەرەققىيات تارىخى»، «جۇڭگو ئىسلام تارىخىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما»(1 ـ، 2 ـ قىسىم) قاتارلىق 4 تارىخىي ئوقۇشلۇقنى؛ «تەجۋىد ئىلمىدىن ساۋات»، «قۇرئان كەرىمدىن ساۋات»، «ھەدىس شەرىفتىن ئاساس»، «ئىسلام شەرىئىتىدىن ساۋات»، «ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن ساۋات» قاتارلىق 5 دىنىي دەرسلىكنى، «ئەرەب تىلىدىن يۈز دەرس»(1 ـ، 2 ـ قىسىم)، «ئەرەب خەتتاتلىقىدىن ساۋات»، قاتارلىق 2 تىل ـ يېزىق دەرسلىكىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇق. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 10 ئىسلام ئىنستىتۇتى بىر تۇتاش تۈزۈلگەن بۇ دەرسلىكلەرنى دەرسخانىدا قوللىنىشقا باشلىدى. بىر تۇتاش دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى.

جايلاردىكى ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يۈكسەك غەمخورلۇقى، مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى نەتىجىسىدە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىش باشلاش باسقۇچىغا كىردى، يېڭى ئىنستىتۇت بىناسى يېقىن كەلگۈسىدە پۈتۈپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ.

ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتۇق ھەم ئۆلچەملەشتۈردۇق. جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى دەرسلىك تەتقىق قىلىش، ئوقۇتقۇچىلارنى سەپلەش، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇش تارىخى يۇقىرى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بىرىنچى سەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا سەپلىدى. ئوقۇتۇش تەتقىقاتىنى تەشكىللىك قانات يايدۇرۇش، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارغا سىياسىي، ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش، ئۇلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىنى باشقۇرۇش قاتارلىق 4 ھالقىنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلىدۇق. جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن قېيىنچىلىقنى يېڭىپ، باشقا يەردە ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈردۇق.

تەربىيىلەش خىزمىتىنى پۇختا قەدەم بىلەن قانات يايدۇردۇق. دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. 5 يىلدىن بۇيان بىز تۇنجى قېتىم ''شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويى

رايونلىرى ياش، ئوتتۇرا ياش ئاخۇنلارنى تەربىيىلەش كۇرسى"، جەمئىيىتىمىزنىڭ 8 - نۆۋەتلىك ياش، ئوتتۇرا ياش ھەيئەتلىرىنى(ۋەزىپىدىكى ئاخۇنلارنى) تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتۇق. يەرلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش خىزمىتىنى قوللاش ھەم ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن بىز كادىر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ ئەۋەتىپ يەرلىك ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ياردەم بەردۇق. يەرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇلغان مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ۋە ئاخۇنلارنى تەربىيىلەش پائالىيەتلىرىگە ئۇستازلارنى ئەۋەتىپ دەرس ئۆتۈپ بەردۇق.

دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈردۇق. بىز چەت ئەلدە ئوقۇۋېدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ۋە بىلىم ئاشۇرىدىغان ئىماملارنى تاللاپ ئەۋەتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلىدۇق. 5 يىلدىن بۇيان بىز ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ كۆپ قېتىم چەت ئەلدە ئوقۇشقا تاللاپ تەربىيىلەش سىنىقى ئېچىپ، جەمئىي 143 ئوقۇغۇچىنى مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئەۋەتتۇق، 13 نەپەر ۋەزىپىدىكى ئىمام - خاتىپنى چەت ئەلگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتۇق.

**7. ئەۋزەللىكىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىناقلىق بەرپا قىلىش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشنىڭ يېڭى يارقىن نۇقتىسى بولدى**

• جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى مۇھىم خىزمىتىدۇر. 5 يىلدىن بۇيان بىز ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنى ساھەسى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى بەختلىك تۇرمۇش يارىتىش بىلەن بىرگە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا مۇلازىمەت قىلىشقا يېتەكلەپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ھەققىدە ئاكتىپ ئىزدەندۇق.

مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇق. 5 يىلدىن بۇيان جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ئۆز ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، چارە - تەدبىر، پىكىر - تەكلىپ بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىپ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يەرلىك مىللىي ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ھەمدەمدە بولدى. بىز دۆلىتىمىزدىكى ئېكسپورت كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدۇق. مەسىلەن، جۇڭگو بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ھەمكارلىق تۈرى — سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە مۇكەررەمە تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىغا دىنىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، دۆلىتىمىز كارخانىلىرىنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئوتتۇشلۇق بازار ئېچىشىغا پائال تۆھپە قوشتۇق؛ مۇسۇلمانلار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات داۋامىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى يېشىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بەردۇق، جۇڭگو - ئەرەب سودا مۇنبىرى، جۇڭگو مۇسۇلمان كارخانىچىلار ئۇچرىشىش يىغىنى، جۇڭگو(نىڭشيا) خۇيزۇ سودىگەرلىرى يىغىنى ۋە جۇڭگو(چىڭخەي) خەلقئارا مۇسۇلمانچە بۇيۇملار كۆرگەزمىسى قاتارلىق چوڭ پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزدۇق.

پاراۋانلىق، خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتۇق. خەلققە كۆيۈنۈش، كىشىلەرگە خەير - ساخاۋەت قىلىش، نامراتلارنى يۆلەش ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. 5 يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىز يامغۇر، مۆلدۈر، قار - مۇز ئاپىتى، ۋېنچۈەندىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى، چىڭخەيدىكى يۇشۇ يەر تەۋرەش ئاپىتى، گەنسۇ جوچۈيدىكى لاي - لاتقا ئېقىنى ئاپىتى، شىنجاڭنىڭ تاشقورغان ۋە ئالتاي رايونلىرىدىكى كەلكۈن ئاپىتى قاتارلىق ئاپەتلەرنىڭ ئېغىر سىنىقىغا دۇچ كەلدى. بىز ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى خەلقتىن ۋاقتىدا ھال سوراپ ئاكتىپلىق بىلەن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدۇق ھەمدە ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارغا تەشەببۇسنامە چىقىرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى قېرىنداشلارنىڭ ئۆز ماكانىنى قايتا قۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن ئىئانە قىلىشقا چاقىرىق قىلدۇق. بىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى 40 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىتتىكى جامائەتنى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى قېرىنداشلار ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا تەشكىللەپ، ئاپەتكە ئۇچراپ ۋاپات بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ غايىب نامىزىنى چۈشۈردۇق. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا بېرىپ ئاپەتكە يولۇققان مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى يوقلىدى. 5 يىلدىن بۇيان جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا تەخمىنەن 200 مىليون يۈەنگە يېقىن ئىئانە قىلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى خەلقنىڭ ئۆز ماكانىنى قايتا قۇرۇش ئىشلىرىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، جۇڭگو

مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەنگە بولغان سەممىي ساداقىتى ۋە ھەر مىللەت خەلققە بولغان مۇھەببىتىنى نامايان قىلدى.

دۆلەتنىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىز ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 2008-يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى، مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى، 2010-يىللىق شاڭخەي خەلقئارا كۆرگەزمىسى، گۇاڭجۇ ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنى ۋە ئاسىيا مېيىپلار تەنھەرىكەت يىغىنى قاتارلىق چوڭ خەلقئارا پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزدى. 2008-يىلى بىز دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە باشلىغان "ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى كۈتۈۋېلىش، تەشكىللىك ھەج تەشۋىقاتىغا قاتنىشىش ئېيى" پائالىيىتى ۋە "بىر دۇنيا، بىر غايە" چاقىرىقى نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئولىمپىكنى قوللاش، ئولىمپىكنى قوغداش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى. بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى مەزگىلىدە بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئولىمپىك يىغىنى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا نۇقتىلىق ھالدا دىنىي مۇلازىمەتنى قانات يايدۇردۇق، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى يەنە 30 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەشكىللەپ، ئولىمپىك پىدائىيلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئورۇنلاپ، "مەن قاتنىشىمەن، مەن تۆھپە قوشىمەن، مەن بۇنىڭدىن خۇشالمەن" دەيدىغان ئولىمپىك روھىنى ھەر قايسى دۆلەتتىن كەلگەن مۇسۇلمان مېھمانلارغا يەتكۈزدى.

2010-يىلى بىز بىر قىسىم جايلاردىكى ئاخۇنلارنى شاڭخەي شەھىرى قانات يايدۇرغان دىنىي مۇلازىمەتكە ياردەم بېرىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، گۇاڭجۇ ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىغا دىنىي ئىشلار جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، ئەلا مۇلازىمەت ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتۇق.

ۋەكىللەر!

ئۆتكەن 5 يىلنى قەدەممۇقەدەم بېسىپ كەلدۇق، بۇنىڭدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز! بۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە قىزغىن غەمخورلۇق قىلغانلىقىنىڭ، بىزنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ يەردە مەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن، بىزگە ئىنچىل كۆڭۈل بۆلگەن، بىزنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن ۋە بىزگە ياردەم بەرگەن مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلىرىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

نەتىجىلەرنى كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇش كېرەككى، بىز پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپى، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدىنى تېخى ئورۇنلاپ بولالمىدۇق؛ تەرەققىيات داۋامىدا كۆپلىگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدۇق، مەسىلەن: مۇسۇلمانلارنى يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇش داۋامىدا تەشەببۇسكارلىقىمىز يېتەرلىك بولمىدى، چوڭ رول ئوينىيالمىدۇق؛ دىن ئىشلىرى نىزامىنى تېخىمۇ تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بولالمىدۇق؛ جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىدۇق...بىز كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزدە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىمىزنى خۇلاسىلەپ، خىزمەت ئۇسۇلىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەمچىلىكلىرىمىزنى تېپىپ، ئىزدىنىش ئارقىلىق يېڭى پىكىر، يېڭى چارە-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلام دىنى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيمىز.

## بۇندىن كېيىنكى 5 يىللىق خىزمەت يۆنىلىشى ۋە ئاساسلىق ۋەزىپىلەر

بۇندىن كېيىنكى 5 يىللىق خىزمەت يۆنىلىشى: پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىگە دائىر يېتەكچى پرىنسىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، يارقىن نۇقتا شەكىللەندۈرۈپ، قىيىن نۇقتىلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە ھەر مىللەتلەر مۇسۇلمانلىرىنى ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تېخىمۇ ئاكتىپ رول ئويناش، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈش. بىرىنچى، باش تېمىنى چۆرىدەپ، ئىلمىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى

ئاساس قىلىش، يەنى جەمئىيەت ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلام دىنى خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش؛ ئىككىنچى، ئىككى غول سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يەنى ئومۇمىيلىق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىناقلىق، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ "12 - بەش يىللىق پىلان" مەزگىلىدىكى غول سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا مۇلازىمەت قىلىش؛ ئۈچىنچى، 3 مۇناسىۋەتنى، يەنى دۆلەت ئىچى بىلەن دۆلەت سىرتىدىكى خىزمەت مۇناسىۋىتىنى، ئومۇمىيلىققا خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆزلۈك قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتىنى، مەملىكەت خاراكتېرلىك خىزمەت بىلەن يەرلىك خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؛ تۆتىنچى، تۆت خىل ئاڭنى، يەنى ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئومۇمىيلىق ئېڭىنى، جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان مەسئۇلىيەت ئېڭىنى، مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇلازىمەت ئېڭىنى، ئۆزىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان ئۆگىنىش ئېڭىنى كۈچەيتىش.

**1. شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، تەپسىر ۋە شەرھشۇناسلىق ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرىمىز**

شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش دىنىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، شۇنداقلا يېڭى ئەسىرگە كىرگەندىن بۇيان دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدە قانات يايدۇرۇلغان ئىجادىي خاراكتېرلىك مۇھىم خىزمەت. "يېڭى ۋەز - تەبلىغ" سۆزلەشنى ئاساس قىلغان شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىسلام دىنىنىڭ تەپسىر ۋە شەرھشۇناسلىق ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ توغرا ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇشىدا، دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىدا، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا يېتەكلەش ۋە تەربىيىلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز رەئىس جيا چىڭلىننىڭ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىقىنى خۇلاسىلەش چوڭ يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، ئۇنى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويىمىز؛ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ھەم كېڭەيتىپ، مەملىكەت مىقياسىدا مەزمۇنى چوڭقۇر، ئۈنۈمى ياخشى، قاراتمىلىقى كۈچلۈك يېڭى ۋەز - تەبلىغلەرنى سۆزلەشنى يولغا قويىمىز؛ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسى ۋە باشقا ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەلەيدىغان نادىر ۋەز - تەبلىغلەرنى يېزىپ چىقىمىز؛ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش نەتىجىلىرىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەپسىر ۋە شەرھشۇناسلىق ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاخۇن - موللىلار ياقتۇرۇپ سۆزلەيدىغان، مۇسۇلمانلارمۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىمىز؛ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش نەتىجىلىرىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈپ، دەرسخانا ۋە مەسچىتلەرگىمۇ كېڭەيتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىمىز. تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىتلەر، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىتىپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش، ۋەز - تەبلىغ سۆزلەش، ئالاقە باغلاش قاتارلىق ئۈچ تەرەپتىن مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى خادىملار قوشۇنىنى بەرپا قىلىمىز، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىمىز ۋە ئىختىساسلىق خادىملار بىلەن تەمىنلەيمىز؛ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمەت ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ، بۇ خىزمەتنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەيمىز؛ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى "ئىككى مۇسابىقە"گە بىرلەشتۈرۈپ ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرىمىز، يەنى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان قىرائەت مۇسابىقىسى بىلەن ۋەز - تەبلىغ مۇسابىقىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزۈپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى بايقايمىز ۋە ئۇلارنى يېتىشتۈرىمىز.

شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، باشقا دىنىي ئىشلار خىزمىتىنىمۇ ياخشى ئورۇنلايمىز. "ئۈچ چارە"نى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەسچىت باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە كاپالەتلىك قىلىمىز؛ ئىناق مەسچىت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق كېڭەيتىمىز؛ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى نازارەت قىلىش

خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرگە كۆزىتىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى كۆپ تۈرۈپ ياشايدىغان رايونلاردىكى جەمئىيەت بىلەن يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرىمىز؛ نازارەتچىلىك خىزمىتىدە بىر يۈرۈش ئىلمىي، ئۆلچەملىك تۈزۈم ئورنىتىشنى مەركەز قىلىپ، ساپاسى يۇقىرى، قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان نازارەتچىلىك قوشۇنىنى بەرپا قىلىپ، مۇسۇلمان كارخانىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتىمىز.

پارتىيە ۋە دۆلەتكە ماسلىشىپ شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز. مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنى روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش، ھەج تاۋاپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش، ئىناق مەسچىت بەرپا قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەردە شىنجاڭغا نۇقتىلىق ياردەم بېرىمىز. ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش، تىنچلىق، ھەمكارلىق، كەڭ قورساق بولۇش، ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇش، ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش قاتارلىق ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيىلىرىنى ئاڭلىق توسۇشقا يېتەكلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمىنلىكى ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشىمىز.

**2. ھەج تاۋاپ خىزمىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەشكىللىك مۇلازىمەت خىزمىتىنى يېڭى يۇكسەكلىككە كۆتۈرىمىز**

ھەج تاۋاپ ئىسلام دىنىدىكى مۇھىم ئەمەل، دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ زور دۆلەت ھالقىغان دىنىي پائالىيىتى بولۇپ، سىياسىۋىيلىككە، ئىجتىمائىيلىققا، ئاممىۋىيلىققا ۋە خەلقئارالىققا ئىگە. ھەجگە تەشكىللەش دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، دىنلار ئىناقلىقىغا، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ۋە دۆلەتنىڭ ئوبرازىغا چېتىلىدىغان خىزمەت، شۇنداقلا ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى تەسىرىگە چېتىلىدىغان خىزمەت. بىز مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ ھەج خىزمىتىگە دائىر مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلدۇرۇش يولىدا ماڭىمىز. ھەج ئىشلىرىغا تەشكىللەشنىڭ مېخانىزملىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ھەج ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، ھەج مۇلازىمىتىنى نورماللاشتۇرىمىز. باشقۇرۇشنى، ئامانلىقنى، ھەمكارلىقنى، مۇلازىمەتنى كۈچەيتىمىز.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە دۆلىتىمىز ھەج پائالىيىتى ئەمەلىيىتىدە تۇرۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن بولغان ھەمكارلىق مېخانىزمىنى مۇستەھكەملەيمىز. باشقا دۆلەتلەرنىڭ ياخشى چارە - تەدبىرلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ھەج ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى داۋاملىق قېلىپلاشتۇرۇپ، بىر يۈرۈش سىستېمىلىق، ئىلمىي باشقۇرۇش تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرىمىز. ھەج خىزمىتى ئۆمىكى ۋە يېتەكچى خادىملار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يەرلىكنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىتىپ، ئۇلارنىڭ ماسلاشتۇرۇش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرىمىز؛ ھەج تاۋاپ دىنىي يېتەكچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەج خىزمىتىگە مۇلازىمەت قىلىش ۋە دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرىمىز. ھەج تاۋاپ مۇلازىمىتىنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ياتاق، تاماق، قاتناش شارائىتلىرىنى تېخىمۇ ياخشىلايمىز.

بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق ھەجگە تەشكىللەش ۋە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ تەشكىللىك، پىلانلىق، ئۆلچەملىك ۋە بىخەتەر ئېلىپ بېرىپ، "بىخەتەر ھەج قىلىش، تەرتىپلىك ھەج قىلىش، مەدەنىي ھەج قىلىش" نىشانىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرىمىز. ھەج خىزمىتىدە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى خاتىرجەم، مۇسۇلمانلار جامائىتىنى رازى قىلىمىز.

**3. ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت تەشۋىقاتى خىزمىتىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرىمىز**

ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەدەنىيەتنىڭ جەمئىيەتنى يېتەكلەش، ئاممىنى تەربىيىلەش، تەرەققىياتنى سىلجىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىمىز. دىنىي قائىدىلەر ۋە دىنىي ئەقىدىلەردىكى دەۋر تەلىپىگە ماس كېلىدىغان ئامىللارنى قېزىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي روھىنى ئىپادىلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئەۋج ئالدۇرىمىز. سىرتقى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ، تۈرلۈك ئۇسۇل ۋە يوللار ئارقىلىق چەت ئەللەرگە تەشۋىقات ئېلىپ بارىمىز. ئىسلام مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ۋە قەدىمىي ئەسەرلىرىنى رەتلەش، قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىمىز. ئىسلام ئىلىم، مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە كەسپىي

تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن كەڭ ئالاقە ئورنىتىمىز. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرلىك، تارقىتىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيمىز. جەمئىيەتنىڭ تور قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، 5 يىل ئىچىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تور بېكىتىنى دۆلەت ئىچىدىكى بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە تور بېكىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

مەدەنىيەت تەشۋىقاتى خىزمىتى ئارقىلىق بىز خەلقئارادا جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىش ۋە قوللاشنى قولغا كەلتۈرىمىز؛ دۆلەت ئىچىدە ئىسلام دىنى ساھەسىدە ئېسىل ئەنئەنىنى راۋاجلاندۇرۇشتەك ياخشى مەدەنىيەت مۇھىتى شەكىللەندۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زور گۈللىنىش، زور تەرەققىياتلىرىغا تۆھپە قوشىمىز؛ دۆلىتىمىز ئىسلام مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىللىق مەدەنىي ئېهتىياجىنى قاندۇرىمىز؛ پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت ئىناقلىقى ئىدىيەسىنى خەلق قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرىمىز.

**4. ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز ئىشىنى ئۆزى بېجىرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تاشقى ئىشلار خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرىمىز**

جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئوخشاشلا دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ. بىز ئىسلام دىنى تاشقى ئالاقە خىزمىتىدىن ئىبارەت "ئەلئارا دىپلوماتىيە"سەھنىسى ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، چەت ئەللەرنىڭ دۆلىتىمىز ئىسلام دىنىغا بولغان چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تاشقى ئالاقە ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا مۇلازىمەت قىلىمىز.

دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا باردى-كەلدى ئىشلىرىنىڭ داۋاملىق زورىيىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلىرى بارغانچە كۆپىيىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تاشقى ئالاقە ئىشلىرىدىكى رولى بارا-بارا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. بىز تىنچلىق، تەرەققىيات، باراۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن تاشقى مۇناسىۋەت خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرىمىز؛ ئالاقە يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىپ، ھەمكارلىق ساھەسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دۆلىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ روھىي ھالىتىنى نامايان قىلىپ، چەت ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقنى كۈچەيتىمىز.

ئىسلام ئەللىرى بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى دوستلۇق ئالاقىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ھەم داۋاملاشتۇرۇپ، ئالاقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورتاق تونۇشنى كۈچەيتىپ، كۆپ ساھە، كۆپ قاتلاملىق ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرىمىز. ئىسلام دۆلىتى ئەمەس ئەللەردىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەن دوستانە بېرىش-كېلىشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئىشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ مۇستەھكەم دوستلۇق ئالاقىسىنى بەرپا قىلىمىز. خەلقئارا ئالاقە ۋە سۆھبەتلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ، چۈشىنىش ۋە ئورتاق تونۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقئارا دىنلار يىغىلىشىدا تېخىمۇ كۆپ پىكىر ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرىمىز. خەلقئارا ئىسلام ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىمىز. ھەر خىل خەلقئارا ئالاقە پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، دۆلىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىياپىتىنى نامايان قىلىمىز.

شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، ئىككى قىرغاق مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەنبەداشلىق، قانداشلىق جەھەتتىكى ئورتاقلىق ئېڭى ۋە ھېسسىياتىنى كۈچەيتىمىز.

**5. ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان ئىختىساسلىقلار ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرىمىز**

مائارىپ ۋە ئىختىساسلىق كىشىلەر تەرەققىياتتىكى مۇھىم ھالقا، ئىسلام دىنى ساھەسىدە لاياقەتلىك ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش دۆلىتىمىز ئىسلام ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا دۆلىتىمىز ئىسلام مائارىپىنىڭ مەركەزلىك خىزمىتى.

دۆلىتىمىز ئىسلام ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېهتىياجىغا ماسلىشىش

ئۈچۈن ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلىتىمىزدىكى ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان دىنىي مائارىپ سىستېمىسى ئۈستىدە ئىزدىنىمىز. ئىسلام ئىنستىتۇتلىرى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرىمىز. مەملىكەت بويىچە ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنىڭ بىر تۇتاش دەرسلىكنى تۈزۈش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، بۇ دەرسلىكلەرنىڭ دەرسخانىدا ئۆتۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، بۇ دەرسلەرنىڭ ئىختىساسلىق دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىمىز. جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق تاماملاپ، بۇ ئىنستىتۇتنىڭ مەملىكەتتىكى باشقا ئىنستىتۇتلار ئىچىدىكى باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىمىز؛ 5 يىل ئەتراپىدا بۇ ئىنستىتۇتنى ئوقۇتۇش، تەتقىقات، تەربىيىلەشنى بىر گەۋدە قىلغان، يۇقىرى ساپالىق دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرىدىغان، زامانىۋى ئىسلام ئىنستىتۇتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

ياش، ئوتتۇرا ياش ئاخۇنلارنى تەربىيىلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىمىز، تەربىيىلەش كۇرسى، ئۆگىنىش-ئېكسكۇرسىيە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق دىنىي خادىملارنىڭ بىلىمى ۋە ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرىمىز. چەت ئەلدە ئوقۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى چەت ئەلگە تاللاپ ئەۋەتىپ، چەت ئەلدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۆگىنىش، ئىلىم ئالماشتۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، دۆلىتىمىز ئۈچۈن نەزەر دائىرىسى كەڭ، يۇقىرى ساپالىق ئىسلام خادىملىرىنى يېتىشتۈرىمىز. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ، تەربىيە ئوقۇشلۇقى تۈزۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق دىنىي كۇرس، ئەرەب تىلى مەكتەپلىرىنىڭ ئۆلچەملىك ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىمىز.

**6. ئىتتىپاقلىق، سەممىيلىك، ئەمەلىيەتچىللىك، ئىجادىيلىققا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرىمىز**

ئىدىيە قۇرۇلۇشىدا چىڭ تۇرۇشنى تۈپ نېگىز، تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى ئاساس، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كېپىل قىلىپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىش ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆز تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى.

جەمئىيىتىمىز رەھبەرلىك كوللېكتىپى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قارار-تەدبىرلەرنىڭ ئىلمىيلىشىش، دېموكراتىيىلىشىش، تۈزۈملىشىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز؛ ھەر خىل قائىدە-تۈزۈملەرنى ساغلاملاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرىمىز؛ ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كادىرلار قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، ئۆگىنىش، تەربىيىلەشنى كۈچەيتىمىز؛ پۈتۈن سەپ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، "ئىتتىپاقلىق، سەممىيلىك، ئەمەلىيەتچىللىك، ئىجادىيلىق" تەلىپى بويىچە بارلىق خىزمەتچىلەرنى ئاللاھقا تەقۋادار بولۇپ، باشقىلارغا كۆيۈنۈشكە يېتەكلەپ، كەسپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، ئۆز ۋەزىپىمىزنى بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئادا قىلىمىز.

ۋەكىللەر!

ئۆتمۈشكە نەزەر سالساق، ھەققەتەن ئالاھىدە نەتىجىلەرنى ياراتقانلىقىمىزنى كۆرىمىز؛ كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىساق، زور ئىشەنچكە تولىمىز! يېڭى ۋەزىيەتتە ئىسلام دىنى خىزمىتى ئېغىر، ئىش تولا، ۋەزىپە شەرەپلىك، مەسئۇلىيەت چوڭ. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلمىساقلا ۋەزىپىنى چوقۇم ئادا قىلىپ، ھەر تۈرلۈك خىزمەت، ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنلىيالايمىز. بىز ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا، ئەستايىدىل ئىشلەپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرەيلى!

ئاللاھ تائالا ئىشلىرىمىزغا ياردەمچى بولسۇن! ئامىن!

# «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى دوكلات

**(2011 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى)**

ئابدۇلتىپ ئابدۇرەھىم داموللا ھاجى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ۋەكىللەر، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ماقۇللىغان «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى» 2006 ـ يىل 5 ـ ئايدىن ھازىرغىچە 5 يىل ئىجرا قىلىندى. 5 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھازىرقى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان «نىزامنامە» جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتى، ۋەزىپىسى، تەشكىلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بەلگىلىمىلەر، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن: قانۇن ـ نىزام ۋە سىياسىتىگە ماس كېلىدۇ، شۇنداقلا مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كېلىدۇ. 5 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھازىرقى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان «نىزامنامە»نىڭ ئۆلچىمى ۋە يېتەكچىلىكىدە، ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەر ۋە خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئاتلىنىشقا يېتەكلىدى ۋە تۈرتكە بولدى، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

بىز يېڭى ۋەزىيەتتە تەرەققىياتقا ماسلىشىپ، زامان ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئۆز ئەۋزەللىكىمىزنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك 4 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ روھى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئەمەل قىلىپ، دەل ۋاقتىدا خادىملارنى تەشكىللەپ، كەڭ كۆلەمدە پىكىر ـ تەكلىپ ئاڭلاش ئاساسىدا، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ نىزامنامىسى ئۈرنەك نۇسخىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ھەم مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان «نىزامنامە»نىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرى ۋە ماددىلىرىغا زۆرۈر تەڭشەش ۋە ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن، «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئوقۇپ ئۆتىمەن، قاراپ چىقارسىلەر.

## بىرىنچى، «نىزامنامە»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈشتىكى يېتەكچى ئىدىيە ۋە ئاساسىي پىرىنسىپ

«نىزامنامە»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەت ـ دىن ئىشلىرى سىياسىتىنى يېتەكچى، مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملارنى تۇتقا، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆز ـ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى نىشان قىلغان ھەم ئەستايىدىل، ھەقىقىي تۈردە تۆۋەندىكى پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلغان ھەم شۇ بويىچە ئىش كۆرگەن:

بىرىنچىدىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتى ئىكەنلىكى؛ دىنىي ئىشلار خىزمىتى ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى؛ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسى ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، دىنىنىڭ ئىناقلىقىنى، مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقنى، جەمئىيەت مۇقىملىقنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، دۇنيا تىنچلىقىنى ھىمايە قىلىدىغان بىر مۇھىم كۈچ ئىكەنلىكى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئايدىڭلاشتى.

ئىككىنچىدىن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە يولغا قويۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ دىنىي ئىشلارنى قانات يايدۇرۇش، ئىناق ھالدا ئورتاق گۈللىنىش پرىنسىپىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى.

ئۈچىنچىدىن، ئاساسىي قۇرۇلمىغا چوڭ تۈزىتىش كىرگۈزمەسلىك پرىنسىپىنى چىقىش قىلىپ، نىزامنامىنىڭ بەلگىلىك ئىزچىللىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلىغان ئاساستا، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، مۇناسىۋەتلىك مەزمۇن ماددىلارغا ۋە ئىپادىلەرگە بەلگىلىك تەڭشەش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، مەزمۇن قوشۇش ۋە قىسقارتىش ئېلىپ بېرىلدى.

تۆتىنچىدىن، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن، قانۇن-نىزام ۋە سىياسەتلىرىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە، ھەم خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ نىزامنامىسىنىڭ ئۈرنەك نۇسخىسىنىڭ ئۆلچەملىك قۇرۇلمىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، مۇۋاپىق تۈردە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار قوشۇلدى. ئەسلىدىكى نىزامنامە 6 باب، 36 ماددا ئىدى، ھازىر نىزامنامەگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى 7 باب، 42 ماددا قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

## ئىككىنچى، «نىزامنامە»نىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا

1. 1-ماددىدىكى نام بېكىتىشتىكى مەزمۇنلارغا ئۈرنەك نۇسخىسىنىڭ ئۆلچەملىك قۇرۇلمىسىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ ۋە تاشقى ئالاقىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ”ئىنگلىزچە قىسقارتىلما C.I.A “ قوشۇلدى.

2. 3-ماددىدىكى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ”ئاساسىي مەقسىتى“دىكى ئۆزگەرتىشتە، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىش ئۈچۈن، توغرا ئېنىقلىما بېرىش ھەم جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئەسلى نىزامنامەنىڭ ئاساسىي مەقسىتىدىكى مەزمۇنلارغا قايتىدىن تېگىشلىك تەڭشەش، ئۆزگەرتىش، يىغىنچاقلاش ۋە مەزمۇن قوشۇش ۋە قىسقارتىش ئېلىپ باردۇق، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مەزمۇنلارنى قوشتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بەزى ۋەزىپە خاراكتېرلىك مەزمۇنلارنى 6-ماددىغا يۆتكەش ئارقىلىق، ئاساسىي مەقسەتنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ تاۋلىنىپ، ئىپادىلەش تېخىمۇ توغرا، تەرتىپى تېخىمۇ ئېنىق، ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ روشەن، مۇھىم نۇقتىسى تېخىمۇ تولۇق گەۋدىلەندى. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى ئاساسىي مەقسەتنىڭ ئىپادىلىنىشى تۆۋەندىكىچە: ”پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىش؛ دۆلەت قانۇنى، قانۇن-نىزامىغا بويسۇنۇپ، ئىسلام دىنى بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئۆزئارا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش يولىدا مېڭىش، ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاللاھقا تەقۋادار بولۇپ، باشقىلارغا كۆيۈنۈش، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشنى تەشەببۇس قىلىش، تىنچ، ئوتتۇرھال يول تۇتۇش ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دىنلار ئىناقلىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ھەسسە قوشۇش“.

3. 4-ماددىدا، جەمئىيىتىمىز بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى ئورگانلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ توغرا ئىپادىلەش ئۈچۈن، بىز بۇنىڭغا قارىتا قايتىدىن چۈشەندۈرۈش بېرىپ، مۇنداق ئىپادىلىدۇق: ”مەزكۇر جەمئىيەت كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرغۇچى ئورۇن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئورگىنى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكى ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ“.

## ئۈچىنچى، كەسپىي ئىشلار دائىرىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئۆزگەرتىش توغرىسىدا

6 ـ ماددىدىكى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق كەسپىي ئىشلىرى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسىدە ئالدى بىلەن ئەسلىدىكى 3 ـ ماددىدىكى ئاساسىي مەقسەتنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ۋەزىپە خاراكتېرلىك مەزمۇنلارنى 6 ـ ماددىغا يۆتكىدۇق ھەم تۈرلەرگە بۆلۈپ قايتىن چۈشەندۈردۇق. مەسىلەن، ”دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە ‘ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش’ ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە ئېكولوگىيىلىك مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا يېتەكلەش ۋە تۈرتكە بولۇش“؛ شۇنداقلا ”ھۆكۈمەتنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەمدە بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش“ قاتارلىق ئىككى تۈرلۈك خىزمەت مەزمۇنى قوشۇلۇپ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك سىياسىي مەسئۇلىيىتى بېكىتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، مەزكۇر جەمئىيەت دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش، بولۇپمۇ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەپسىر ۋە شەرھشۇناسلىق ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇش؛ ھەجگە تەشكىللەش ۋە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ ئىسلام دىنى مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىسلام مەدەنىيەت تەشۋىقاتى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق، شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم يېڭى ئەھۋاللار پەيدا بولدى، يېڭى مەسىلىلەرگە دۈچ كەلدۇق. ئىلگىرىكى خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە كەلگۈسى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بۇ قېتىم بىز مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا زۆرۈر تەڭشەش، ئورۇنلاشتۇرۇش، يىغىنچاقلاش ۋە مەزمۇن قوشۇش ۋە قىسقارتىش ئېلىپ باردۇق، خىزمەت ۋەزىپىسى ئەسلىدىكى 9 تۈردىن 11 تۈرگە تەڭشەلدى، مەسىلەن، 3 ـ تۈر(ئەسلىدىكى 1 ـ تۈر)دىكى”ئىسلام دىنى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدۇ“نىڭ ئالدىغا ”تۈرلۈك ئىسلامىيەت ئىشلىرىنى يولغا قويىدۇ“ دېگەن مەزمۇن قوشۇلدى؛ 4 ـ تۈر(ئەسلىدىكى 2 ـ تۈر)گە ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تەپسىر ۋە شەرھشۇناسلىق ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇش“ دېگەن مەزمۇن قوشۇلدى؛ ئەسلىدىكى”قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف روھىغا ئاساسلىنىپ“ دېگەن ”ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي روھىغا ئاساسلىنىپ“ دەپ ئۆزگەرتىلدى؛ ”جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن“دىكى ”تەلىپى“ دېگەن سۆز ئۆچۈرۈلۈپ ”دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئۇيغۇن شەرھلەش“ دېگەن مەزمۇن قوشۇلدى. يېڭىدىن ئۆزگەرتىلگەن ھەر تۈرلۈك مەزمۇنلار بىلەن جەمئىيەتنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ كونكرېتلاشتى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش روھىنى نامايان قىلدى.

## تۆتىنچى، تەشكىلىي ئاپپارات ۋە مەسئۇل خادىملارنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم ئۇلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا

7 ـ ماددىدىكى چۈشەندۈرۈش ”جۇڭگو ئىسلام دىنى مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى— مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئاپپاراتى“ دەپ تەڭشەلدى. ئۇنىڭ خىزمەت ھوقۇقلىرى: 2 ـ تۈرنى”ھەيئەتنى سايلاپ چىقىش“ دەپ ئۆزگەرتتۇق؛ 3 ـ تۈرنى ”دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىش“ دەپ ئۆزگەرتتۇق.

10 ـ ماددىغا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ نىزامنامىسىنىڭ ئۆرنەك نۇسخىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن زۆرۈر ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى ھەم ئالاھىدە ئەھۋال تۇپەيلىدىن، مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى مۇددەتتىن ئىلگىرى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئېچىلسا ”دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتىشى كېرەك، ھەمدە مەسئۇل تارماقنىڭ تەستىقلاپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتىشى كېرەك“ دېگەن تەرتىپ جەھەتتىكى ئۆلچەملىك تەلەپ قوشۇلدى.

12 ـ ماددىدىكى ”دائىمىي ھەيئەتلەر خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ھەرخىل مەخسۇس ھەيئەتلەرنى تەسىس

قىلىدۇ“ دېگەن جۈملىگە ”قارار“ دېگەن سۆز قوشۇلدى. مەزمۇن قوشۇلغاندىن كېيىنكى تولۇق مەزمۇنى: ”دائىمىي ھەيئەتلەر خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ھەرخىل مەخسۇس ھەيئەتلەرنى تەسىس قىلىشنى قارار قىلىدۇ“ دېيىلىپ، دائىمىي ھەيئەتنىڭ خىزمەت ھوقۇقى بىلەن مەخسۇس ھەيئەتنىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ ئايدىڭ، تېخىمۇ ئېنىق بولدى.

13 - ماددىدىكى ”ئۇنىڭ قارارى يىغىنغا قاتناشقان دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىغاندىلا ئىناۋەتلىك بولىدۇ“ دېگەن جۈملىگە ”دىن ئارتۇقى“ دېگەن سۆز قوشۇلۇپ، ئالدىدىكى مەزمۇن بىلەن بىردەك قىلىندى.

ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن 14 - ماددىدىكى ”زۆرۈر تېپىلغاندا، دائىمىي ھەيئەت بىر نەپەر مۇئاۋىن رەئىسنى رەئىسقا ياردەملىشىپ كۈندىلىك خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا بەلگىلىسە بولىدۇ“ دېگەن جۈملە چىقىرىپ تاشلاندى.

16 - ماددىدىكى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپلىرى چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك ”(3) تېنى ساغلام، نورمال خىزمەت داۋاملاشتۇرالايدىغان، قىلالايدىغان بولۇش“تىكى ”داۋاملاشتۇرالايدىغان“ دېگەن سۆز چىقىرىپ تاشلىنىپ، چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ ئاددىيلاشتى.

17 - ماددا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ نىزامنامىسىنىڭ ئۆرنەك نۇسخىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەسئۇل تارماق كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرغۇچى تارماق ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش تارمىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، باش كاتىپى قاتارلىقلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلسە، ئەسلىدىكى ”دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلاپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ۋەزىپە ئۆتەش قەرەلىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ“ دېگەن جۈملە ”مەسئۇل تارماقنىڭ تەستىقلاپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتۈشى كېرەك“ دەپ تۈزىتىلدى.

18 - ماددا ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ”ياكى رەئىسقا ياردەملىشىپ كۈندىلىك خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان مۇئاۋىن رەئىس“ دېگەن مەزمۇن چىقىرىپ تاشلاندى.

20 - ماددا ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، مەزكۇر جەمئىيەت باش كاتىپىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ئاستىدىكى: ”ھەرقايسى كەسپىي ئورگان، ئەمەلىي ئورگانغا مەخسۇس خىزمەتچىلەرنى تەكلىپ قىلىشنى قارار قىلىدۇ“ دېگەن مەزمۇن چىقىرىپ تاشلاندى.

21 - ماددا جەمئىيەتتە ئەسلى بار بولغان ۋە يېڭىدىن تەسىس قىلغان مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملەر ياكى ئورگانلار خىزمەت تۈرى ۋە خاراكتېرىگە ئاساسەن قايتىدىن رەتكە تۇرغۇزۇلۇپ ”مەزكۇر جەمئىيەتتە ئىشخانا، دىنىي ئىشلار بۆلۈمى، خەلقئارا ئىشلار بۆلۈمى، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئىشخانىسى، ھەج خىزمىتى ئىشخانىسى، ئىسلام مەدەنىيىتى تەتقىقات بۆلۈمى، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق كەسپىي بۆلۈملەر تەسىس قىلىنىدۇ ھەمدە جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ مۇناسىپ بۆلۈم ياكى ئاپپاراتلار كۆپەيتىلىدۇ“، ھەمدە ”مەزكۇر جەمئىيەتتە دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ئاپپاراتى—— جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلىنىدۇ“ دېگەن سۆز ئايرىم بىر ماددا قىلىنىپ، 22 - ماددا قىلىپ بېكىتىلىپ ، بۇ ئورگاننىڭ جەمئىيەت خىزمىتىدىكى ئالاھىدىلىكى ۋە مۇھىملىقى نامايان قىلىندى.

23 - ماددا(ئەسلىدىكى 22 - ماددا) ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ”مەزكۇر جەمئىيەت جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى باشقۇرىدۇ“ دېگەن مەزمۇنغا(خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن سۆز قوشۇلدى.

## بەشىنچى، مەبلەغ باشقۇرۇش، ئىشلىتىش پرىنسىپلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا

28 - ماددا(ئەسلىدىكى 23 - ماددا) مەبلەغ باشقۇرۇش، مالىيە، بوغالتىرلىقنى باشقۇرۇش خىزمىتى، مەبلەغ مەنبەسى ئىجتىمائىي ئىئانە ياكى ھۆكۈمەت ياردىمى تەۋەلىكىگە چېتىلىدىغانلىرى، دۆلەت بەلگىلىگەن تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتىن سىرت، مەزكۇر جەمئىيەت رەئىسلەر خىزمەت يىغىنى ۋە مالىيە تارمىقىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئورگىنىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلغاندىن سىرت، ”ھەم مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن جەمئىيەتكە ئۇقتۇرۇش كېرەك“ دېگەن جەمئىيەت نازارىتىگە ئائىت مەزمۇن قوشۇلدى.

29 ـ ماددا(ئەسلىدىكى 28 ـ ماددا) "ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئورگىنى ۋە كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرغۇچى تارماق" دېگەن مەزمۇننىڭ ئالدى كەينىدىكى ئىپادىنىڭ بىردەكلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ "خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى" ۋە "دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى" دەپ تۈزىتىلدى.

## ئالتىنچى، نىزامنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەرتىپىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا

33 ـ ماددا(ئەسلىدىكى 32 ـ ماددا) "كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرغۇچى تارماق" بىلەن "ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئورگىنى" دېگەن مەزمۇننىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى ئىپادىنىڭ بىردەكلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، "دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى" ۋە "خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى" دەپ ئۆزگەرتىلدى؛ خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالايىتەن "كۆچكە ئىگە" دېگەن سۆز قوشۇلدى.

## يەتتىنچى، "ئورگاننى ئىشتىن توختىتىش تەرتىپى ۋە توختىتىلغاندىن كېيىنكى مالىيەنى بىر تەرەپ قىلىش" دېگەن بابنىڭ قوشۇلۇشى توغرىسىدا

خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار نىزامنامىسىنىڭ ئۆرنەك نۇسخىسىنىڭ ئۆلچەم تەلىپىگە ئاساسەن ئالايىتەن بۇ باب كۆپەيتىلىپ، جەمئىي بەش ماددا مەزمۇن قوشۇلدى: "34 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەت ئاساسىي مەقسەتنى ئورۇنداپ بولغان ياكى باشقا سەۋەب تۈپەيلى رويخەتتىن ئۆچۈرۈلسە، ھەيئەتلەر جەمئىيەتنى توختىتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. 35 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتنى توختىتىش تەكلىپى مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتۈشى كېرەك، ھەمدە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتۈشى كېرەك. 36 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەت رويخەتتىن ئۆچۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىنقىلاش ئاپپاراتى قۇرۇپ، ھەقدارلىق ۋە قەرزدارلىقنى ئىنقىلاپ، قېپقالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. ئىنقىلاش مەزگىلىدە، ئىنقىلاشتىن سىرت باشقا پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. 37 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەت خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ رويخەتتىن ئۆچۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندىن كېيىن پائالىيەتتىن توختىتىلىدۇ. 38 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەت توختىتىلغاندىن كېيىنكى قالدۇق مالىيە، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ نازارىتى ئاستىدا، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتىگە ئالاقىدار بولغان ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## سەككىزىنچى، قوشۇمچە پرىنسىپقا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا

"40 ـ ماددا مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرى، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىتلەر، ئىسلام دىنى مەكتەپلىرىنىڭ مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ قارارى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ" دېگەن مەزمۇن كۆپەيتىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلىق خاراكتېرى ۋە جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىتلەر، ئىسلام دىنى مەكتەپلىرىنىڭ دىن ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك رولى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

42 ـ ماددا(ئەسلىدىكى 35 ـ ماددا) "ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئورگىنى" دېگەن مەزمۇننىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى ئىپادىنىڭ بىردەكلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، "خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى" دەپ ئۆزگەرتىلدى.

"ئورگاننى ئىشتىن توختىتىش ۋە توختىتىلغاندىن كېيىنكى مالىيەنى بىر تەرەپ قىلىش" توغرىسىدا مەخسۇس بىر باب مەزمۇن قوشۇلغانلىقتىن، ئەسلىدىكى "36 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەت پائالىيەتنى توختىتىپ، رويخەتتىن ئۆچۈرۈلۈش توغرا كەلسە، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاش توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى ۋە تەلىپى بويىچە بېجىرىلىدۇ" دېگەن مەزمۇن چىقىرىپ تاشلاندى.

ۋەكىللەر، يۇقىرىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىقارسىلەر.
رەھمەت!

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى

(2011-يىل 9-ئاينىڭ 15-كۈنى جۇڭگو ئىسلام دىنى 9-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ماقۇللىغان)

## بىرىنچى باب — ئومۇمىي پرىنسىپ

**1-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ نامى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ(خەنزۇچە 中国伊斯兰教协会 دەپ، قىسقارتىپ 中国伊协 دەپ ئاتىلىدۇ، ئىنگلىزچە CHINA ISLAMIC ASSOCIATION دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ، *قىسقارتىپ C.I.A دەپ ئاتىلىدۇ*).

**2-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك دىنىي تەشكىلاتىدۇر.

**3-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى: پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىش؛ دۆلەت قانۇنى، قانۇن-نىزامىغا بويسۇنۇپ، ئىسلام دىنى بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئۆزئارا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش يولىدا مېڭىش. ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاللاھقا تەقۋادار بولۇپ، باشقىلارغا كۆيۈنۈش، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتنى تەشەببۇس قىلىش، تىنچ، ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇش ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دىنلار ئىناقلىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ھەسسە قوشۇش.

**4-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرغۇچى ئورۇن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئورگىنى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكى ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**5-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئورنى بېيجىڭدا بولىدۇ.

## ئىككىنچى باب — كەسپىي ئىشلار دائىرىسى

**6-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق كەسپىي ئىشلىرى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسى مۇنۇلار:

(1) دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە ئېكولوگىيىلىك مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا يېتەكلەش ۋە تۈرتكە بولۇش؛

(2) ھۆكۈمەتنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەمدە بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش؛

(3) ئاساسىي قانۇن، قانۇن، قانۇن-نىزام ۋە سىياسەتتە بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە تۈرلۈك ئىسلامىيەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، ئىسلام دىنى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش؛

(4) شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، تەپسىر ۋە شەرھشۇناسلىق ئىدىيە

قۇرۇلۇشنى قانات يايدۇرۇش، مۇسۇلمانلار كۆڭۈل بۆلگەن دىنىي مەسىلىلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي روھىغا ئاساسلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئۇيغۇن ھالدا شەرھلەش؛

(5) ئىسلام مائارىپىنى يولغا قويۇپ، ئىسلام دىنى ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش؛

(6) ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل تارىخى - مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىپ ۋە رەتلەپ چىقىش، ئىسلام ئىلمى - مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش، دىنىي كىتاب - ژۇرناللارنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش؛

(7) ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈرلۈك باشقۇرۇش قائىدە - تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش؛

(8) جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنىي ئىشلار خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش؛

(9) جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مەسچىتلەرنىڭ دۆلەتكە، خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىدىغان جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشلىرىنى يولغا قويۇشىغا تۈرتكە بولۇش؛

(10) پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى مۇقەددەس زېمىن مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلىشقا تەشكىللەشكە مەسئۇل بولۇش؛

(11) ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى ۋە ئىسلام دىنىي تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش - كېلىشنى قانات يايدۇرۇش، ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش.

## ئۈچىنچى باب — تەشكىلىي ئاپپارات ۋە مەسئۇل خادىملارنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم ئۇلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقلىرى

**7 - ماددا** جۇڭگو ئىسلام دىنى مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى — مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئاپپاراتى. مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مۇنۇلار:

(1) مەزكۇر جەمئىيەت نىزامنامىسىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش؛

(2) ھەيئەتنى سايلاپ چىقىش؛

(3) دائىمىي ھەيئەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىش؛

(4) مۇناسىۋەتلىك مۇھىم قارارلارنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش؛

(5) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ خىزمەت نىشانى ۋە ۋەزىپىلىرىنى بېكىتىش؛

(6) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىش ئىشىنى قارار قىلىش.

**8 - ماددا** مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ۋەكىللىرىنىڭ سانى ۋە بارلىققا كېلىش چارىسىنى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئەتى يىغىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىدۇ.

**9 - ماددا** مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنى ۋەكىللەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇقى قاتناشقاندىلا ئېچىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ قارارى يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقى ئاۋاز بېرىپ، ماقۇللىغاندىلا ئىناۋەتلىك بولىدۇ.

**10 - ماددا** مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ھەر 5 يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن مۇددەتتىن ئىلگىرى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئېچىلسا، دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتۈشى كېرەك، ھەمدە مەسئۇل تارماقنىڭ تەستىقلاپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتۈشى كېرەك.

**11 - ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتتە ھەيئەت تەسىس قىلىنىدۇ، ھەيئەت مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا جاۋابكار بولىدۇ. ھەيئەت يىغىنى ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىپ، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى مۇھاكىمە ۋە مۇزاكىرە قىلىدۇ، تەكلىپلەرنى بىر ياقلىق قىلىدۇ، جەمئىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا بۇ يىغىن مۇددەتتىن ئىلگىرى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئېچىلىدۇ.

**12 - ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتتە دائىمىي ھەيئەت تەسىس قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئەزالىرى ھەيئەت ئەزالىرى

يىغىننىڭ سايلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ، دائىمىي هەيئەت مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ۋە هەيئەت يىغىننىڭ قارارلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىدۇ، مۇھىم ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىپ بەلگىلەيدۇ، مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ۋە هەيئەت يىغىنى ئېچىشقا تەييارلىق كۆرىدۇ هەم بۇ يىغىنلارغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. دائىمىي هەيئەت خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ تۈرلۈك مەخسۇس هەيئەتلەرنى تەسىس قىلىشنى قارار قىلىدۇ.

**13 ـ ماددا** دائىمىي هەيئەت يىغىنىنى دائىمىي هەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇقى قاتناشقاندىلا ئېچىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ قارارى يىغىنغا قاتناشقان دائىمىي هەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇقى ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىغاندىلا ئىناۋەتلىك بولىدۇ. دائىمىي هەيئەت يىغىنى هەر يىلى بىر قېتىم ئېچىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا مۇددەتتىن ئىلگىرى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئېچىلىدۇ.

**14 ـ ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتتە بىر نەپەر رەئىس، بىر قانچە نەپەر مۇئاۋىن رەئىس، بىر نەپەر باش كاتىپ تەسىس قىلىنىدۇ، بۇلار هەيئەت يىغىنىنىڭ سايلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ دائىمىي هەيئەتنىڭ هاۋالىسى بىلەن مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك ۋە رەھبەرلىك قىلىدۇ. باش كاتىپ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرگە ياردەملىشىپ خىزمەت ئىشلەيدۇ.

**15 ـ ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتتە مەسلىھەتچىلەر تەسىس قىلىنىدۇ. بۇلار هەيئەت يىغىنىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ.

**16 ـ ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپى تۆۋەندىكىدەك شەرتلەرنى هازىرلىغان بولۇشى لازىم:

(1) جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى هىمايە قىلىدىغان، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى هىمايە قىلىدىغان، سىياسىي ساپاسى ياخشى بولۇش؛

(2) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ كەسپىي ئىشلىرى ساھەسىدە بىرقەدەر زور تەسىرگە ئىگە بولۇش؛

(3) تېنى ساغلام، نورمال خىزمەت قىلالايدىغان بولۇش؛

(4) تولۇق هەق تەلەپ، هەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش.

**17 ـ ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش قەرەلى ئىككى نۆۋەتتىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن ۋەزىپە ئۆتەش قەرەلىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلسە، مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇق ۋەكىلنىڭ ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتىشى كېرەك، ھەمدە مەسئۇل تارماقنىڭ تەستىقلاپ قوشۇلۇشىغا سۇنۇلۇش كېرەك.

**18 ـ ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىسى ياكى باش كاتىپى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى بولىدۇ. مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ۋەكىللىكىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولمايدۇ.

**19 ـ ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىسى تۆۋەندىكىدەك خىزمەت هوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) هەيئەت يىغىنى، دائىمىي هەيئەت يىغىنىنى چاقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ؛

(2) ۋەكىللەر يىغىنى، هەيئەت يىغىنى، دائىمىي هەيئەت يىغىنى قارارلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ؛

(3) مەزكۇر جەمئىيەتكە ۋاكالىتەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويىدۇ.

**20 ـ ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ باش كاتىپى تۆۋەندىكىدەك خىزمەت هوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) مەزكۇر جەمئىيەتتىكى ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، يىللىق خىزمەت پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۇيۇشتۇرىدۇ؛

(2) مەزكۇر جەمئىيەت بىلەن يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ؛

(3) مەزكۇر جەمئىيەت بىلەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ؛

(4) مۇئاۋىن باش كاتىپ نامزاتلىرىنى

كۆرستىپ، دائىمىي ھەيئەت يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزىدۇ؛ مۇئاۋىن باش كاتىپ باش كاتىپنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىدۇ؛

(5) كەسپىي ئاپپاراتلار، ئىگىلىك گەۋدىسى ئاپپاراتى مەسئۇللىرى نامزاتىنى كۆرستىپ، رەئىسلەر خىزمەت يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ؛

(6) باشقا كۈندىلىك ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىدۇ.

**21-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتتە ئىشخانا، دىنىي ئىشلار بۆلۈمى، خەلقئارا ئىشلار بۆلۈمى، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئىشخانىسى، ھەج خىزمىتى ئىشخانىسى، ئىسلام مەدەنىيىتى تەتقىقات بۆلۈمى، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق كەسپىي خىزمەت بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنىدۇ ھەمدە جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ مۇناسىپ بۆلۈم ياكى ئاپپاراتلار كۆپەيتىلىدۇ.

**22-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتتە دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ئاپپاراتى— جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلىنىدۇ.

**23-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»(خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشرى) ژۇرنىلىنى باشقۇرىدۇ. ئۆزىنى ئۆزى قامدايدىغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ئورگىنى قاتارلىق ئەمەلىي گەۋدىلەرنى باشقۇرىدۇ.

## تۆتىنچى باب— مەبلەغ باشقۇرۇش، ئىشلىتىش پرىنسىپلىرى

**24-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ راسخوت مەنبەسى:

1) دائىمىي ھەيئەت غەملەش؛

2) مۇسۇلمانلار ئىختىيارەن ئىئانە قىلىش؛

3) ئۆزىنى ئۆزى قامداش يولىدىكى كارخانا، كەسپىي ساھەلەر كىرىمى؛

4) ھۆكۈمەتتىن ياردەم تەلەپ قىلىش؛

5) باشقا قانۇنلۇق كىرىملەر.

**25-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ راسخوتى مەزكۇر نىزامنامىدە بەلگىلەنگەن كەسپلەر دائىرىسىگە ۋە كەسپىي ئىشلار تەرەققىياتىغا ئىشلىتىلىشى كېرەك، ئۇنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**26-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت پۇختا مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، بوغالتىرلىق ماتېرىياللىرىنىڭ قانۇنلۇق، راست، توغرا، مۇكەممەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

**27-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت كەسپ سالاھىيىتىگە ئىگە بوغالتىرلارنى سەپلەيدۇ. بوغالتىر بىلەن كاسسىر ئايرىم-ئايرىم بولىدۇ. بوغالتىرلار بوغالتىرلىق ھېساباتى ئېلىپ بېرىشى، مالىيە نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇشى لازىم. بوغالتىرلار ئۆزىنىڭ خىزمىتى يۆتكەلگەندە ياكى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندا، ئۆتكۈزۈۋالغۇچى بوغالتىر خادىملار بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتىنى ئېنىق بېجىرىشى لازىم.

**28-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت مەبلەغ باشقۇرۇشتا، دۆلەت بەلگىلىگەن مالىيە، بوغالتىرلىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشى، مەزكۇر جەمئىيەت رەئىسلەر خىزمەت يىغىنى ۋە مالىيە تارمىقىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. مەبلەغ مەنبەسى ئىجتىمائىي ئىئانە ياكى ھۆكۈمەت ياردىمى دائىرىسىدە بولسا، ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئورگىنىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى لازىم ھەم مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ئاممىغا ئۇقتۇرۇش كېرەك.

**29-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت نۆۋەت ئالماشتۇرۇش ياكى قانۇنىي ۋەكىلنى ئالماشتۇرۇش ئالدىدا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى ۋە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مالىيە مۇپەتتىشلىكىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

**30-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ مەبلىغىنى ھەرقانداق ئورۇن، شەخسنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا، بۆلۈشۈۋېلىشىغا ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىشىغا بولمايدۇ.

**31-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ مەخسۇس خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى، سۇغۇرتىسى ۋە باشقا

پاراۋانلىق تەمىناتلىرى دۆلەتنىڭ كەسپىي ئورۇنلارغا قاراتقان مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە بېجىرىلىدۇ.

## بەشىنچى باب—— نىزامنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەرتىپى

**32-ماددا** مەزكۇر نىزامنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئەت يىغىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئاۋازغا سالغاندىن كېيىن، مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىغا قويۇلۇشى كېرەك.

**33-ماددا** مەزكۇر نىزامنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ماقۇللاپ بولغاندىن كېيىنكى 15 كۈن ئىچىدە، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتۈشى ھەمدە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللانغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

## ئالتىنچى باب—— ئورگاننى ئىشتىن توختىتىش ۋە توختىتىلغاندىن كېيىنكى مالىيەنى بىر تەرەپ قىلىش

**34-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت ئاساسىي مەقسەتنى ئورۇنداپ بولغان ياكى باشقا سەۋەب تۈپەيلى رويخەتتىن ئۆچۈرۈلسە، ھەيئەتلەر جەمئىيەتنى توختىتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

**35-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنى توختىتىش تەكلىپى مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتۈشى كېرەك، ھەمدە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتۈشى كېرەك.

**36-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت رويخەتتىن ئۆچۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېنىقلاش ئاپپاراتى قۇرۇپ، ھەقدارلىق ۋە قەرزدارلىقنى ئېنىقلاپ، قېپقالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. ئېنىقلاش مەزگىلىدە، ئېنىقلاشتىن سىرت باشقا پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ.

**37-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ رويخەتتىن ئۆچۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندىن كېيىن پائالىيەتتىن توختىتىلىدۇ.

**38-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت توختىتىلغاندىن كېيىنكى قالدۇق مالىيە، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ نازارىتى ئاستىدا، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتىگە ئالاقىدار بولغان ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## يەتتىنچى باب—— قوشۇمچە پرىنسىپ

**39-ماددا** مەزكۇر نىزامنامە(تۈزىتىلگەن لايىھە)نى 2011-يىل 9-ئاينىڭ 15-كۈنى جۇڭگو ئىسلام دىنى 9-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغان.

**40-ماددا** مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرى، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىتلەر، ئىسلام دىنى مەكتەپلىرىنىڭ مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ قارارى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ.

**41-ماددا** مەزكۇر نىزامنامىنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئىتىدە بولىدۇ.

**42-ماددا** مەزكۇر نىزامنامە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان كۈندىن باشلاپ ئىناۋەتلىك بولىدۇ.

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى

**(2011 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى)**

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

جۇڭگو ئىسلام دىنى 9 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى 2011 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن367 نەپەر ھەر مىللەت، ھەر ساھە مۇسۇلمان ۋەكىللىرى بۇ يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى. بۇ بىر قېتىملىق ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىنتىلىشنى، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشنى مەزمۇن قىلغان، شۇنداقلا ھەر تەرەپنىڭ كۈچ ۋە ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشقان تەنتەنىلىك يىغىن بولدى. بۇ يىغىن مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، بەلگىلەنگەن ھەر تۈرلۈك يىغىن قارالمىلىرىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، قانائەتلىنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

يىغىن مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۈنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 - نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى؛ «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» (تۈزىتىلگەن لايىھە)نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت گىربىنى بېلەت تاشلاپ بېكىتتى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 9 - نۆۋەتلىك ھەيئىتىنى سايلاپ چىقتى. يىغىن مەزگىلىدە ئېچىلغان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 9 - نۆۋەتلىك 1 - قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنى دائىمىي ھەيئەتلەرنى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپلىرىنى سايلاپ چىقتى.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيانقى 5 يىلدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن رەئىسلىكىدىكى 8 - نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ باشچىلىقىدا شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ھەر تۈرلۈك دىنىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ھۆكۈمەتكە ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغدىدى؛ ھەج تاۋاپقا تەشكىللەش ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى؛ تاشقى ئالاقە ئىشلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ دۆلەت دىپلوماتىيىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى؛ «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنىڭ مۇناسىۋەتلىك قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام مەدەنىيىتى تەشۋىقاتى ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتتى؛ ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنىڭ دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئىسلام مائارىپى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلام دىنى ئىشلىرىدا يۇقىرى ساپالىق يېڭى بىر ئەۋلاد ئىزباسارلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈردى. ھەر قايسى خىزمەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يىغىن بىردەك مۇنداق دەپ قارىدى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 - نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ خىزمەت

دوكلاتىدا ئۆتكەنكى 5 يىللىق خىزمەت توغرىسىدىكى ئەسلىمە ۋە خۇلاسە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا بولغان، بۇندىن كېيىنكى خىزمەت توغرىسىدىكى ئوي - پىكرى ۋە ۋەزىپە پىلانى ھەقىقەتەن ئەمەلىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يىغىن بۇ دوكلاتنى تامامەن قوللايدۇ.

يىغىندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: يېڭى تارىخىي دەۋردە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى تەستە قولغا كەلگەن بۇ تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك.

يىغىن يېڭى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئاكتىپ يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى:1) پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستى ۋە دىنىي خىزمەت جەھەتتىكى ئاساسىي پرىنسىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشقا داۋاملىق ھەمكارلىشىش؛ دۆلەتمىزدىكى ئىسلام دىنى بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىنى ئىنچىكە يىتەكلەش يېتەكلەپ... 

ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىغا يېتەكلەش؛ 2)ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، رەئىس جيا چىڭلىننىڭ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىقىنى خۇلاسىلەش چوڭ يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، بۇ خىزمەتنى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەپسىر ۋە شەرھىشۇناسلىق ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي روھىدا چىڭ تۇرۇپ، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش؛ 3) ئىسلام مائارىپى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلام دىنى ئىشلىرىدا يۇقىرى ساپالىق يېڭى بىر ئەۋلاد ئىزباسارلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىسلام ئىنستىتۇتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش؛ 4) ئىسلام مەدەنىيىتى تەشۋىقاتى ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ھەم ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، مەدەنىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئارقىلىق توغرا ئىدىيە، نەزەرىيە يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ 5) ھەج تاۋاپىقا تەشكىللەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەتنى داۋاملىق ياخشىلاپ، باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، تىنچ، تەرتىپلىك، مەدەنىي ھەج قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش؛ 6) تاشقى ئالاقە، دوستانە بېرىش - كېلىشلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، خەلقئارا ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ 7) ئىسلام جەمئىيەتلىرى تەشكىلىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىستىلنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، خادىملارنىڭ ساپاسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن جان دىلى بىلەن خىزمەت قىلىش؛ ئومۇمىيلىق ئېڭى، مەسئۇلىيەت ئېڭى، مۇلازىمەت ئېڭى ۋە ئۆگىنىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىغا ھەمكارلىشىپ ئىسلام دىنى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش.

يىغىن يېڭى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ تىرىشىپ ئالغا ئىنتىلىپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، راستچىل - ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلدى.

ئاللاھ تائالا ئىشلىرىمىزغا ياردەمچى بولسۇن! ئامىن!

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 9-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ شىنجاڭلىق ۋەكىللىرى ئىسىملىكى

(مىللەت نامى بېرىلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر)

**قەشقەر ۋىلايىتىدىن:** جۇمە داموللا ھاجى(قەشقەر شەھىرى)، ئەمەت زۇنۇن(كوناشەھەر ناھىيىسى)، ئابدۇقادىر ساۋۇت(قەشقەر شەھىرى)، ياسىن ئەلى(يەكەن)، ئەبەيدۇللا مۇھەممەد(قەشقەر شەھىرى)، ئەزىزىدىن ئابلىز(تاجىك، پوسكام ناھىيىسى)، زۇنۇن قارى ئەلى(قەشقەر شەھىرى)، ئابلەت ئابدۇۋاھت(قاغىلىق ناھىيىسى)، ئابباس مەمەت(يېڭىشەھەر ناھىيىسى)، ئابدۇشۈكۈر ئابباس(يېڭىسار ناھىيىسى)، تۇرسۇنپاشا ئەبەي(ئايال، قەشقەر شەھىرى)؛

**خوتەن ۋىلايىتىدىن:** ئابدۇلتىپ ئابدۇرەھىم داموللا ھاجى(خوتەن شەھىرى)، ئابلىمىت ئەھمەتتوختى(خوتەن شەھىرى)، ئابدۇلئەزىز مەتناسىر(خوتەن ناھىيە)، ئوبۇلھەسەن ئىمىن(چىرا ناھىيىسى)، ئىمىن ئابدۇراھمان(كېرىيە ناھىيىسى)، ئابلاجان باكىر(قاراقاش ناھىيىسى)، ئەنۋەر ئابدۇراھمان(خوتەن شەھىرى)، ھاۋاخان ھۇسەيىن(ئايال، لوپ ناھىيىسى)؛

**ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن:** قاھار ئىسمائىل(كۇچار ناھىيىسى)، ئابلىكىم ئۆمەر(ئاقسۇ شەھىرى)، ئەيسا يىمىش(باي ناھىيىسى) رەھمىتۇللا ھىدايەتۇللا(شايار ناھىيىسى)، قېيۇم رېھىم(ئۈچتۇرپان ناھىيىسى)، مىجىت ئىسلام(توقسۇ ناھىيىسى)؛

**قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن:** نىياز قارى ھاجى(قىرغىز، ئاقتۇ ناھىيىسى)، جارۇللا قارى ھاجى(ئاتۇش شەھىرى)، ئوسمان جالالىدىن(ئاقتۇ ناھىيىسى)، مەمەتئەلى سارتاي(قىرغىز، ئۇلۇغچات ناھىيىسى)؛

**بايىنغولىن ئوبلاستىدىن:** ئابلەت ھوشۇر(بۈگۈر ناھىيىسى)، ما خۇڭۋۇ ھاجى(خۇيزۇ، قاراشەھەر ناھىيىسى)، ئابلىمىت ئىمىن(كورلا شەھىرى)، ئامىنىخان ياقۇپ(ئايال، كورلا شەھىرى)، ئابلەت مۇھەممەد(قاراشەھەر ناھىيىسى)؛

**تۇرپان ۋىلايىتىدىن:** جوۋ مىڭسۇن(خۇيزۇ، تۇرپان شەھىرى)، بەكرى مامۇت(پىچان ناھىيىسى)، نۇراخۇن مەھمۇت(ئايال، تۇرپان شەھىرى)؛

**ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلاردىن:** سەيدئەھمەد مىرزىئەكپەر(ئۆزبېك، غۇلجا شەھىرى)، ئابدۇرېشت قارى ھاجى(قورغاس ناھىيىسى)، ئابدۇخېلىل ئىسمائىل(غۇلجا شەھىرى)، ما يۈلىن ئاخۇن(خۇيزۇ، غۇلجا شەھىرى)، ما جۇڭلياڭ(دۇڭشياڭ، غۇلجا ناھىيىسى)، سالات قاناي(قازاق، كۈنەس ناھىيىسى)، ئابدۇۋاھت سەيدىۋاققاس(غۇلجا شەھىرى)، داۋكەش دۈزباي(قازاق، غۇلجا ناھىيىسى)؛

**ئالتاي ۋىلايىتىدىن:** ھاجى ئەكبەر قوڭۇر(قازاق، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى)، قايسا تاڭقاي(قازاق، جېمىنەي ناھىيىسى)؛

**تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن:** قۇربان ئىسمائىل(چۆچەك شەھىرى)، جۇمەبېك ئېيساباي(قازاق، شىخو شەھىرى)، ئادىلقان ئابدۇللاخەمت(قازاق، ساۋەن ناھىيىسى)؛

**بورتالا ئوبلاستىدىن:** ئابلىكىم قادىر(بورتالا شەھىرى)، باتتال قالىي(قازاق، ئارىشاڭ ناھىيىسى)؛

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىن:** ئىسمائىل سەيدۇللا(قۇمۇل شەھىرى)، جېڭىس شاقاي(قازاق، بارىكۆل ناھىيىسى)؛

**سانجى ئوبلاستىدىن:** ما گوشيوڭ(خۇيزۇ، سانجى شەھىرى)، ھامۇت مامۇت(گۇچۇڭ ناھىيىسى)، بەيدۇللا(تاتار، گۇچۇڭ ناھىيىسى)، ئاقات ئەبۇ موللا(قازاق، قۇتۇبى ناھىيىسى)، كۇ جىنفا(خۇيزۇ، سانجى شەھىرى)، ما يۇفېن(ئايال، خۇيزۇ، جىمسار ناھىيىسى)؛

**ئۈرۈمچى شەھىرىدىن:** ما شۇشىن ئاخۇن(خۇيزۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى)، مۆھتەرەم شېرىپ(ئۈرۈمچى شەھىرى)، ئابدۇشۈكۈر رەھمىتۇللا(ئۈرۈمچى شەھىرى)، ئابدۇقادىر نۇر(ئۈرۈمچى شەھىرى)، خەن جىنلۇ(خۇيزۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى)، مۇتەللىپ شايىمەردان(قازاق، ئۈرۈمچى ناھىيىسى)، مى جىنسەن(ئۈرۈمچى شەھىرى)؛

**قاراماي شەھىرىدىن:** مۇھەممەد تۇردى داموللا ھاجى(قاراماي)؛

**ئاپتونوم رايونلۇق ئىدارىلاردىن:** كېرەم ئابلىز(ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى)، ئابدۇرېقىپ دامولل(شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى)، ئىبراھىم ۋۇ جىگۋاڭ(خۇيزۇ، شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپى)، بەختىيار ھاپىز(ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)، دىلمۇرات قاسىم(ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈمى)، خوجا ئابدۇللا ئوسمان(ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسى)؛

**ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن:** ئىلھام راخمان(دىن ئىشلىرى باشقارمىسى)، نۇرئەھمەد ئىمىن(3-دىۋىزىيە 51-تۇەن)، چېن يۈن(خۇيزۇ، 12-دىۋىزىيە سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى)

**مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن:** ئادىلجان ھاجى كېرىم(جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى)، ھاجى بارات رەجەپ(جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى)، ئەلسۆيەر(ئايال، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش)، پەرھات يۈسۈپ(مەركىزى خەلق رادىئو ئىستانسىسى)، ئابدۇشۈكۈر(جۇڭگو ئېنسكلوپېدىيە نەشرىياتى)، ئابلىمىت(دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى)، ئالىمجان سابىت(جۇڭگو مىللەتلەر تىل-يېزىق تەرجىمە ئىدارىسى)، ئەكبەر مىجىت(قازاق، جۇڭگو يازغۇچىلار نەشرىيات گۇرۇھى).

ئۇنىڭدىن باشقا گەنسۇ ئۆلكىسىدىن كامالجان(قازاق، مەسچىت ئىمامى)، خۇنەن ئۆلكىسىدىن جيەن ۋېيپىڭ(ئۇيغۇر، مەسچىت ئىمامى) قاتارلىقلارمۇ ۋەكىل سۈپىتىدە يىغىنغا قاتناشتى.

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك شىنجاڭلىق ھەيئەت ئەزالىرى

(مىللەت نامى بېرىلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر)

ئابدۇلتىپ ئابدۇرەھىم داموللا ھاجى، جۇمە داموللا ھاجى، نىياز قارى ھاجى(قىرغىز)، ھاجى ئەكبەر قوتۇر(قازاق)، ما شۇشىن ئاخۇن(خۇيزۇ)، كېرەم ئابلىز، ئابدۇرېقىپ داموللا، قاھار ئىسمائىل، مۆھتەرەم شېرىپ، سەيدئەھمەد مىرزىئەكپەر(ئۆزبېك)، ئىلھام راخمان، جوۋ مىڭسۇن(خۇيزۇ)، ئىبراھىم ۋۇ جىگۇاڭ(خۇيزۇ)، ئابدۇشۇكۇر رەھمىتۇللا، ئابدۇقادىر نۇر، ھامۇت مامۇت، بەيدۇللا(تاتار)، ئابدۇرېشىت قارى ھاجى، ما جوڭلياڭ(دوڭشياڭ)، جارۇللا قۇربان، ماخۇڭۇۋ ئاخۇن(خۇيزۇ)، ئابلەت ھوشۇر، ئامىنخان ياقۇپ، بەكرى مامۇت، ما يۈلىن ئاخۇن(خۇيزۇ)، ما گوشيوڭ(خۇيزۇ)، ئاقات ئەبۇ موللا(قازاق)، قۇربان ئىسمائىل، ئابدۇخېلىل ئىسمائىل، ئابلىكىم قادىر، ئىسمائىل سەيدۇللا، كۇ جىنفا(خۇيزۇ)، مۇھەممەد تۇردى داموللا ھاجى، ئابلىمىت ئىمىن، ئەيسا يىمىش، ئابلىكىم ئۆمەر، رەھمىتۇللا ھىدايەتۇللا، ئەمەت زۇنۇن، خەن جىنلۇ(خۇيزۇ)، ئابلىمىت ئەھمەتتوختى، سالات قاناي(قازاق)، ئابدۇۋاھىت سەيدىۋاققاس، جۇمەبېك ئېيساباي(قازاق)، ئابدۇقادىر ساۋۇت، ياسىن ئەلى، ئەبەيدۇللا مۇھەممەد، ئەزىزىدىن ئابلىز(تاجىك)، قېيۇم رېھىم، زۇنۇن قارى ئەلى، ئابلەت ئابدۇۋاھىت، ئابدۇلئەزىز مەتناسىر، ئوبۇلھەسەن ئىمىن، ئىمىن ئابدۇرەھمان، ئابلاجان باكىر، ئابباس مەمەت، چېن يۇن(خۇيزۇ)، نۇرئەخمەت ئىمىن.

مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى شىنجاڭلىق ھەيئەت ئەزالىرى:

ئادىلجان ھاجى كېرىم، ھاجى بارات رەجەپ، ئەلسۇيەر(ئايال)، پەرھات يۈسۈپ، ئابدۇشۈكۈر، ئابلىمىت، ئالىمجان سابىت، ئەكبەر مىجىت(قازاق).

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 9-نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئىسىملىكى

(78 نەپەر، ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇلتىپ ئابدۇرەھىم داموللا ھاجى(ئۇيغۇر، شىنجاڭ)، ئادىلجان ھاجى كېرىم(ئۇيغۇر، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى)، ئابدۇرېقىپ داموللا(ئۇيغۇر، شىنجاڭ)، بەي رۇنشېڭ(خۇيزۇ، شاڭخەي)، تيې يۇنشيا(ئايال، خۇيزۇ، سىچۇەن)، جاڭ جېنشەن(خۇيزۇ، خېبېي)، جاڭ رۇيجېڭ(خۇيزۇ، شەندۇڭ)، جاڭ گۇاڭياۋ(خۇيزۇ، خۇنەن) جاۋ ۋېيپىن(خۇيزۇ، سەنشى)، جۇمە داموللا ھاجى(ئۇيغۇر، شىنجاڭ)، جىن جيەنخۇا(خۇيزۇ، ئىچكى موڭغۇل) جىن خوڭۋېي(خۇيزۇ، شاڭخەي) چېن شياۋمىن(خۇيزۇ، ئايال، خۇبېي) چېن گۇاڭيۇەن(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى) چېڭ خالۇ(خۇيزۇ، سەنشى)، خەن جوخۇي(سالا، چىڭخەي)، خەن دېمىڭ(خۇيزۇ، چىڭخەي) خوڭ چاڭيۇ(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى)، خۇاڭ چيۈرۈن(خۇيزۇ، فۇجيەن)، خۇاڭ زۇچۇن(خۇيزۇ، خۇنەن) خېي فۇلى(خۇيزۇ، نىڭشيا)، دا چىڭلى(خۇيزۇ، جياڭسۇ)، دا يىڭكۇي(خۇيزۇ، ئەنخۇي)، دىڭ جېپىڭ(خۇيزۇ، شەنشى)، دىڭ فۇگو(خۇيزۇ، لياۋنىڭ)، دىڭ گاڭ(خۇيزۇ، بېيجىڭ) دىڭلى(خۇيزۇ، لياۋنىڭ)، سەي دافۇ(خۇيزۇ، خۇبېي)، سەيدئەھمەد مىرزىئەكپەر(ئۆزبېك، شىنجاڭ)، سۇ گۇاڭلىن(خۇيزۇ، گەنسۇ)، شا فۇچۇەن(خۇيزۇ، سىچۇەن)، شۆ تيەنلى(خۇيزۇ، بېيجىڭ)، قاھار ئىسمائىل(ئۇيغۇر، شىنجاڭ)، كېرەم ئابلىز(ئۇيغۇر، شىنجاڭ)، كوڭ جاۋگاڭ(خۇيزۇ، خېبېي)، گو چېڭجېن(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى)، گۇي شجياڭ(خۇيزۇ، گۈيجۇ)، لەن گۇاڭفېڭ(خۇيزۇ، نىڭشيا)، ليۇ كەيلەن(خۇيزۇ، تيەنجىن)، ليۇ كېجيې(خۇيزۇ، بېيجىڭ)، ليۇ شيلىڭ(خۇيزۇ، خېيلۇڭجياڭ)، ليۇ باۋچى(خۇيزۇ، خېنەن)، لى تيېشېڭ(خۇيزۇ، تيەنجىن)، لى يۇفۇ(خۇيزۇ، ئىچكى موڭغۇل)، ما ئەنلۇ(خۇيزۇ، گۇاڭشى)، ما جىنبو(خۇيزۇ، خېنەن)، ما چاڭچىڭ(دۇڭشياڭ، چىڭخەي)، ما چېڭسەي(خۇيزۇ، نىڭشيا)، ما دېبى(خۇيزۇ، جياڭسۇ)، ما كەيشەن(خۇيزۇ، يۈننەن)، ما گويۇ(خۇيزۇ، گەنسۇ)، ما گۇاڭشىڭ(خۇيزۇ، گۇاڭدۇڭ)، ما گۇاڭلي(خۇيزۇ، فۇجيەن)، ما ۋېنيۇن(دۇڭشياڭ، گەنسۇ)، ما يوڭچياڭ(خۇيزۇ، گۇاڭشى)، ما يوۋچېڭ(خۇيزۇ، گەنسۇ) ما يۇنفېڭ(خۇيزۇ، چۇڭچىڭ)، ما يۇتىڭ(خۇيزۇ، ئايال، جېجياڭ)، ما شوۋشىن(خۇيزۇ، شىنجاڭ)، ما شىپىڭ(خۇيزۇ، شەنشى)، مۇ خواجۇن(خۇيزۇ، جياڭشى)، مۇ كېفا(خۇيزۇ، ئەنخۇي)، مۆھتەرەم شېرىپ(ئۇيغۇر، شىنجاڭ)، نىياز قارى ھاجى(قىرغىز، شىنجاڭ)، ھاجى ئەكبەر قوتۇر(قازاق، شىنجاڭ)، ۋاڭ جياڭ(خۇيزۇ، گۈيجۇ)، ۋاڭ دېسەي(خۇيزۇ، جىلىن)، ۋاڭ دېگۇاڭ(خۇيزۇ، خېيلۇڭجياڭ)، ۋاڭ شۇلى(خۇيزۇ، شەندۇڭ)، ۋاڭ مىڭ(خۇيزۇ، چۇڭچىڭ)، ۋاڭ ۋۇلوڭ(خۇيزۇ، جياڭشى)، ۋاڭ ۋېنجيې(خۇيزۇ، گۇاڭدۇڭ)، ئىلھام راخمان(ئۇيغۇر، شىنجاڭ)، ياڭ جىبو(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى)، ياڭ رۇيچياڭ(خۇيزۇ، جىلىن)، ياڭ زېشيۇڭ(خۇيزۇ، يۈننەن)، ياڭ فامىڭ(خۇيزۇ، نىڭشيا)، ياڭ ۋەنلى(خۇيزۇ، خېنەن).

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 9 ـ نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە باش كاتىپى ئىسمىلىكى

**رەئىس:** ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)

**مۇئاۋىن رەئىسلەر:** ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد داموللا ھاجى(ئۇيغۇر، شىنجاڭدىن)، بەدرىددىن گو چېڭجېن(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)، ھاجى ئەكبەر قوڭۇر(قازاق، شىنجاڭدىن)، يۇسۇف ليۇ باۋچى(خۇيزۇ، خېنەندىن)، نىياز قارى ھاجى(قىرغىز، شىنجاڭدىن)، جۇمە داموللا ھاجى(ئۇيغۇر، شىنجاڭدىن)، سۇلايمان ما كەيشەن(خۇيزۇ، يۈننەندىن)، ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)، يەھيا ما ۋېنيۈن(دۇڭشياڭ، گەنسۇدىن)، مۇستافا ياڭ جىبو(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)، ئادىلجان ھاجى كېرىم(ئۇيغۇر، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)، ما چاڭچىڭ(دۇڭشياڭ، چىڭخەي)، ۋەققاس ما شوۋشىن(خۇيزۇ، شىنجاڭدىن)، داۋۇت دا چېڭلى(خۇيزۇ، جياڭسۇ)، ھەسەن ياڭ فامىڭ(خۇيزۇ، نىڭشيا)، سىددىق مۇ كېفا(خۇيزۇ، ئەنخۇي)، ئوسمان ۋاڭ شۇلى(خۇيزۇ، شەندۇڭ)، سۇلايمان ليۇ كېجيې(خۇيزۇ، بېيجىڭ)

**باش كاتىپ:** بەدرىددىن گو چېڭجېن(قوشۇمچە)

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: ھاجى بارات رەجەپ(ئۇيغۇر)، سالىھ ما شىپىڭ(خۇيزۇ)، نەبىل ما جۇڭپىڭ(خۇيزۇ)، ئىبراھىم ۋاڭ گولياڭ(خۇيزۇ)، ئامۇر جاڭ گۇاڭلىن(خۇيزۇ)، ئىمادىددىن ۋېن جيەن(خۇيزۇ)، سۇلايمان جاڭ رۇيجېڭ(خۇيزۇ)، ئابدۇللا ئەمىن جىن رۇبىن(خۇيزۇ)

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 9 ـ نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئىسمىلىكى

مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي(خۇيزۇ)، ھەبىبۇللا شي شىڭلىن(خۇيزۇ، نىڭشيادىن)، ئابدۇللا خەن شېڭگۈي(خۇيزۇ، چىڭخەيدىن)، ئىبراھىم ۋۇ يىيې(خۇيزۇ، جياڭسۇدىن)، مۇھەممەد سىددىق ما جۇڭجې(خۇيزۇ)



# شۈكۈر قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ياقۇپجان ئەزىز

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

شۈكۈر ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى "نېمەت ئاتا قىلغۇچىغا، ياخشىلىق قىلغۇچىغا رەھمەت ئېيتىش، مەدھىيە ئوقۇش" دېگەن بولىدۇ. ئىستىلاھى مەنىسى "نېمەتنى قەلبىدە ئېتىراپ قىلىش، نېمەتنى تىلى بىلەن سۆزلەش، ئېرىشكەن نېمەتنى توغرا رەۋىشتە ئىشلىتىش" دېگەن بولىدۇ. ھەربىر نېمەتتىن ھوزۇرلانغىنىمىزدا نېمەت بەرگۈچى ئاللاھنى ئەسلەش، نېمەتنى سۆزلەش شۈكۈرنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەرۋەردىگارىنىڭ نېمىتىنى سۆزلەشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: **"پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن (چۈنكى نېمەتنى سۆزلەپ بەرگەنلىك نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ)"**{سۈرە «زۇھا» (93 ـ سۈرە)، 11 ـ ئايەت}. زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: **"مۇسا ئەلەيھىسسالام: 'ئى پەرۋەردىگارىم! سەن ماڭا كۆپ نېمەت ئاتا قىلدىڭ، ساڭا كۆپ شۈكۈر قىلىشنى ماڭا كۆرسىتىپ قويساڭ' دېگەندە، ئاللاھ تائالا: 'مېنى كۆپ ياد ئەتكىن، ئەگەر مېنى كۆپ ياد ئەتسەڭ، ماڭا كۆپ شۈكۈر قىلغان بولىسەن، ئەگەر مېنى ئۇنتۇپ قالساڭ، مېنىڭ نېمىتىمگە ناشۈكۈرلۈك قىلغان بولىسەن' دېگەن"** (بەيھەقى رىۋايەت قىلغان). ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: "ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن نېمەتلەرنى كۆپ ئەسلەڭلار، ئۇنى كۆپ ياد ئېتىش شۈكۈر قىلغانلىقتۇر". شۈكۈر قىلىش ھەرگىز شۈكۈر دەپ بىكاردىن يەپ يېتىپ، ئىبادەت قىلىشقا ئىنتىلمەي، ھۇرۇن، جۈرئەتسىز، بىكار تەلەتلىك بىلەن بار بولغان نېمەتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەي، قەدىرلىمەي، پايدىلانماي، ئىشلەتمەي يوقىتىۋېتىش بولماستىن، بەلكى ئاللاھ تائالا بىزگە

ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

بەرگەن ھەربىر نېمەتنى توغرا ئىشلىتىپ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرۈپ، ئۇنى نامايان قىلىشتۇر. ئەمرۇ ئىبنى شۇئەيىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۆزى ئاتا قىلغان نېمەتنىڭ ئەسىرى بەندىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا نامايەن بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ"**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). ئاللاھ بەرگەن نېمەتنى بەندىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا نامايان قىلىشى، ئىشلىتىشى شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە ئۇرغۇن نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر..."**{سۈرە«ئىبراھىم»(14 ـ سۈرە)، 34 ـ ئايەت}: **"ئەگەر ئاللاھنىڭ(سىلەرگە بەرگەن) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەر(نىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىڭلار)نى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر"**{سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، 18 ـ ئايەت}. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بىزگە ئىمان، ئىسلام، قۇرئان، ياشلىق، ھاياتلىق، ۋاقىت، تەن ساغلاملىق، بوشلۇق، بايلىق، ئەقىل ـ پاراسەت...قاتارلىق نۇرغۇن سان ـ ساناقسىز نېمەتلەرنى بەردى. بىز بۇ نېمەتلەرنى تونۇپ، قەدىرلەپ، تىلىمىزدا سۆزلەپ، قەلبىمىزدە ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتىشكە تىرىشىشىمىز ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان نېمىتىگە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ.

## شۈكۈر قىلىشنىڭ پەزىلىتى

شۈكۈر قىلىش ئىنسان پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئېلىپ بارىدىغان كاتتا ئىبادەت بولغاچقا، شۈكۈر قىلغۇچىلار دۇنيا ـ ئاخىرەتتە شۈكۈر قىلىش سەۋەبى بىلەن نۇرغۇن خاسىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ:

1 .شۈكۈر قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالا نېمىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **"ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: 'نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر(كۇفرانى نېمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ' دەپ جاكارلىدى"**{سۈرە«ئىبراھىم»(14 ـ سۈرە)، 7 ـ ئايەت}.

2 .ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغانلارنى ئازابلىمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **"ئەگەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىنى مۇكاپاتلىغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر"**{سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 147 ـ ئايەت}.

3 .شۈكۈر قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالاھىدە نېمەت ئاتا قىلىشىغا، ھىدايەت قىلىشىغا مۇشەررەپ بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **"ئۇلارنىڭ 'ئاللاھ ئارىمىزدىن(ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟' دېيىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر-بىرى بىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق(يەنى پېقىر، ئاجىز كىشىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇش بىلەن، باي، كۈچلۈك كىشىلەرنى سىنىدۇق). ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ (يەنى شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھىدايەت قىلىدۇ)"**{سۈرە«ئەنئام»(6 ـ سۈرە)، 53 ـ ئايەت}.

4 .ئاللاھ تائالا شۈكۈرنى جايىدا ئادا قىلغان كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتىنى كېچىكتۈرمەي بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **"ھېچ كىشى ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، ئاللاھ ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن(ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ). كىمكى دۇنيا ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى بېرىمىز (ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكتىن نېسىۋىسى بولمايدۇ)، كىمكى ئاخىرەتنىڭ سەۋەبىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى بېرىمىز، شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايمىز"**{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 145 ـ ئايەت}.

5 .ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي ئىبادەت قىلغان، مۇئمىن بەندىلەرنىڭ جۈملىسىدىن قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **"ئى مۇئمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا(يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى-ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار"**{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 172 ـ ئايەت}.

6 .ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى مەلئۇن ئىبلىسنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلاپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ”ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ(نېمەتلىرىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن“{سۈرە «ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 17 ـ ئايەت}.

7. ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۆئمىنلەرنىڭ يولىدا ماڭغۇزىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ”شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز(پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش بىلەن ياخشى-يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۆئمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ(ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلغۇچىدۇر، ياكى(فاجىر بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر“{سۈرە «ئىنسان»(76 ـ سۈرە)، 3 ـ ئايەت}.

دېمەك، شۈكۈر قىلىش بەندىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋالدا توختىماي ياخشى ئىش قىلىشقا ئۈندەيدىغان، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدىغان، ياخشى بولغان روھىي ھالەت يېتىلدۈرىدىغان ئىبادەت. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ”ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، ئاللاھ سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى“{سۈرە «نەھل»(16 ـ سۈرە)، 78 ـ ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۈكۈر قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شانلىق ئۈلگىسى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ”ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىلىرى ئىككى پۇتى ئىششىپ كەتكىچە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: 'ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن ئاللاھ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىۋەتكەن تۇرسا، نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن(پۇتلىرىڭ ئىششىپ كەتكىچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىدىكەنسەن)؟' دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: 'مەن شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولۇشنى ياخشى كۆرمەمدىكەنمەن؟' دەپ جاۋاب بەرگەن“ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالادىن شۈكۈر قىلغۇچى بەندىلەردىن قىلىشنى تىلەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغان. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ”رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: 'ئى مۇئاز! مەن سېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن' دېدى، مەن: 'ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن' دېدىم؛ شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ھەر نامازنىڭ ئارقىسىدا: 'ئى پەرۋەردىگارىم! سېنى زىكرى قىلىشقا، ساڭا شۈكۈر قىلىشقا ۋە سېنىڭ ئىبادىتىڭنى ياخشى ئادا قىلىشقا ماڭا ياردەم بەرگىن' دەپ دۇئا قىلىشنى تەرك ئەتمە، دېدى“(نەسەئى رىۋايەت قىلغان). ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ: ”ئىماننىڭ يېرىمى سەۋرى قىلىش، قالغان يېرىمى شۈكۈر قىلىش“دېگەن[1]. بىر ئادەم ئىمام ئىبنى ھەزمىي(ھ ـ 456\ ؟) رەھىمەھۇللاھقا:” 'ئى ئىبنى ھەزمىي! ئىككى كۆزنىڭ شۈكرىسى قانداق بولىدۇ؟' دېگەندە، ئۇ: 'ئىككى كۆزۈڭ بىلەن ياخشى ئىشنى كۆرسەڭ ئېلان قىلىسەن، يامان ئىشنى كۆرسەڭ ئۇنى ياپىسەن' دېگەن. 'ئىككى قۇلاقنىڭ شۈكرىسى قانداق بولىدۇ؟' دېگەندە، ئۇ: 'ئىككى قۇلۇقۇڭ بىلەن ياخشى ئىشنى ئاڭلىساڭ ساقلىۋالىسەن، يامان ئىشنى ئاڭلىساڭ ئۇنى ئۇنتۇيسەن' دېگەن. 'ئىككى قولنىڭ شۈكرىسى قانداق بولىدۇ؟' دېگەندە، ئۇ: 'ئىككى قولۇڭ بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى قىلمايسەن، ئىككى قولۇڭ بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەق ئىشنى چوقۇم قىلىسەن' دېگەن. 'قورساقنىڭ شۈكرىسى قانداق بولىدۇ؟' دېگەندە، ئۇ: 'قورساقنىڭ ئاستىنى تاماق بىلەن، ئۈستىنى بىلىم بىلەن توشقۇزىسەن' دېگەن. 'ئۇيات ئەزانىڭ شۈكۈرسى قانداق بولىدۇ؟' دېگەندە، ئۇ: 'ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى(ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر(بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن(جىنسى تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر'{سۈرە «مۆئمىنۇن»(23 ـ سۈرە)،

[1] «ئەلئىلم» 33 ـ بەت

5—7 ـ ئايەت} دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەرگەن. ‹ئىككى پۇتنىڭ شۈكرىسى قانداق بولىدۇ؟› دېگەندە، ئۇ: ‹ئەگەر ئىلگىرى بىر كاتتا سالىھ كىشى ئۆتكەن بولسا، سەنمۇ شۇنداق سالىھ كىشى بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭ ئىككى پۇتۇڭ بىلەن شۇ كىشى ماڭغان يولدا ماڭ، ئەگەر بىر كىشىنىڭ يامان يولدا ماڭغانلىقىدىن سەسكەنسەڭ، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتقان ھالدا ئۇنىڭ قىلمىشىدىن يان› دېگەن. ئۇ يەنە: ‹ئەمما بىر ئادەم تىلى بىلەن شۈكۈر قىلىپ، قەلبى ۋە تەن ئەزالىرى بىلەن شۈكۈر قىلمىسا، خۇددى كىيىمى تۇرۇپ كىيىمنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ كەيمىگەن ئادەمگە ئوخشاش، ئۇ كىيىم ئۇ ئادەمنى سوغۇقتىن، ئىسسىقتىن، يامغۇردىن، قاردىن ساقلىيالمىغاندەك، ئۇنىڭ تىلىدىلا ئېيتقان شۈكرىسى ئۇ كىشىگە مەنپەئەت قىلمايدۇ› ” دېگەن[1]. شۈكۈر قىلىش ئاللاھقا بويسۇنۇش، ئاللاھ كۆرسەتكەن يولدا مېڭىش، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا بارچە شەيئىدىن بىھاجەت. شۈكۈر قىلىشىمىز يەنىلا ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر. شۈكۈر قىلىش بىزگە روھىي ئوزۇق ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇشىمىزغا يېتەكلەيدۇ. شۈكۈر قىلىش ئەقلىمىزنى ئىشلىتىشنى، ھەقنى كۆرۈشىمىزنى، ھەقنى ئاڭلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ: “**ئاللاھ سىلەرنى ئانائىلارىڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، ئاللاھ سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى**”{سۈرە «نەھل»(16 ـ سۈرە)، 78 ـ ئايەت}.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىلجان ھاجى كېرىم)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2011 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كەچتە بېيجىڭ چاڭچېڭ مېھمانخانىسىدا بېيجىڭدىكى مۇسۇلمانلار ۋە چەت ئەللىك دىپلوماتلارغا زىياپەت بېرىپ، قۇربان ھېيتنى تەبرىكلىدى. زىياپەتكە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۈ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دۇ چىڭلىن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ما چىجى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ جىن، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى دىڭ شۆدۇڭ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سىتا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جەي جۈن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ شيۈمىڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ لېبىن قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار زىياپەتكە قاتنىشىپ، بېيجىڭدىكى مۇسۇلمان زاتلار، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللىرى، ئەرەب ـ ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمان مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرلىكتە بۇ بايرامنى قىزغىن قۇتلۇقلىدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن زىياپەتتە تەبرىك سۆزى سۆزلەپ، زىياپەتكە قەدەم تەشرىپ قىلغان مېھمانلارغا رەھمەت ئېيتتى ھەمدە مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا ھېيتلىق سالام يوللىدى. ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن مېھمانلارغا بۇ يىل جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىدىن 13 مىڭ 762 كىشىنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەج پائالىيىتىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، ۋەتەنگە سالامەت قايتىپ كېلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۇ يەنە سۆز قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قۇرئان، ھەدىس ھۆكمىگە ئەمەل قىلىپ، مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىغا مۇلازىمەت قىلىپ، مۇقىملىقنى ساقلاش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

[1] «تەزكىيەتۇننۇفۇس» 97 ـ بەت

# «مۇئمىنۇن» سۈرىسىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

## —«مۇئمىنۇن» سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى 11 ئايىتىنىڭ قىسقىچە تەپسىرى

ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە بەختكە ئېرىشتۈرگۈچى ھېكمەت خەزىنىسى بولغان كىتابى قۇرئان كەرىمدە مۇئمىنلەرنىڭ دۇنيادىكى بارلىق ئەمەللىرى ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت ـ سائادىتى توغرىسىدا كۆپلىگەن ئىلاھى مەلۇماتلارنى بەرگەن. جۈملىدىن مەزكۇر ماقالىدىكى بىز توختالماقچى بولغان «مۇئمىنۇن» سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى 11 ئايىتىدە مۇئمىنلەرنىڭ ئالاھىدە خاراكتېر ـ سۈپەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي دۇنياغا بولغان پوزىتسىيىسى مەركەزلىك ھەم ئەتراپلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

مۇئمىنلەر قانداق كىشىلەر؟

قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ  الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ   وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاء ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ   وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ أُوْلَئِكَ هُمُ الْوَارِثُونَ الَّذِينَ يَرِثُونَ الْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ

**مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى‹1›. (شۇنداق مۇئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا(ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر‹2›. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر‹3›. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر‹4›. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى(ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر‹5›. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر(بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ)‹6›. بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسى تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر‹7›. ئۇلار(يەنى مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر‹8›. ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر‹9›.**

قۇرئان كەرىم تەپسىرى

ئەنە شۇلار(يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە مۆئمىنلەر نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر‹10›. ئۇلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ‹11›.

——سۈرە«مۆئمىنۇن»(23 ـ سۈرە)، 1—11 ـ ئايەتلەر

بىز يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق مۆئمىنلەرنىڭ (ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارنىڭ) سۈپەت خاراكتېر ۋە تۇرمۇش ئۆلچەملىرىنى بۇ خىل رىئايە قىلىش ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان مەنپەئەت، يەنى فىردەۋس جەننىتى ئىكەنلىكىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، ئەكسىچە يولدا بولغۇچىلارنىڭ قىيامەت كۈنى ھەقىقەتەن زىيان ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇ ئايەتلەرنىڭ پەزىلىتى(يەنى ئەھمىيىتى) توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم كۆپ توختالغان. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **"ماڭا ئون ئايەت نازىل قىلىندى، كىمكى بۇ ئايەتلەردىكى ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلسا جەننەتكە كىرىدۇ"** دەپ، بۇ ئايەتلەرنىڭ خاسىيىتىنى يىغىنچاقلاپ يەكۈنلەپ بەرگەن. ئاندىن "**مۆئمىنلەر بەختكە ئېرىشتى**" دېگەن يەردىن 10 ـ ئايەتكىچە ئوقۇغان(ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: "رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى قانداق ئىدى؟" دەپ سورالغاندا، ئۇ(مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچلۈك ۋە ئىخچام قىلىپ): **"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان كەرىم ئىدى"** دەپ جاۋاب بېرىپ، سۈرە«مۆئمىنۇن»نىڭ 1 ـ ئايىتىدىن 10 ـ ئايىتىگىچە ئوقۇغان. ئۇنىڭدىن كېيىن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى مۇشۇ ئايەتلەردە زىكىر قىلىنغاندەك ئىدى" دېگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ سۆزى ئارقىلىق: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەردىكى ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلاتتى ۋە بۇ ئىلاھى ئەخلاق ئۆلچىمى ئۇنىڭ شانلىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان" دېمەكچى ئىدى(نەسەئى رىۋايەت قىلغان).

## «مۆئمىنۇن»سۈرىسىدىكى ئالدىنقى ئون بىر ئايەتنىڭ قىسقىچە تەپسىرى

### 【"قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ"(مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى)نىڭ تەپسىرى】

بۇ ئايەت غايەت زور ئالەم بىناسىنىڭ ئىجادكارى، مۇتلەق ياراتقۇچى، ھەممىكى مەۋجۇدات ۋە جانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانى، دۇنيانى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدە باشقۇرۇپ پەرۋىش قىلغۇچى، نۇرغۇنلىغان گۈزەل ۋە مۇقەددەس ئىسىملارنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىگىسى ئاللاھ تابارەك ۋە تائالاغا پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئىشەنگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ زاتنىڭ ئەمرى ـ پەرمانى ئاستىدىكى بارلىق پەرىشتىلەرگە، ئىنسانىيەتنى نۇرلۇق يوللارغا باشلاش ئۈچۈن ئىلگىرى ـ ئاخىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرگە، جۈملىدىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ ئالىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ۋە يەنە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان(يەنى چۈشۈرۈلگەن) ھېكمەت خەزىنىسى قۇرئان كەرىم ھەمدە قۇرئان كەرىمدىن ئىلگىرىكى بارلىق ساماۋى كىتابلارغا، «زەبۇر»، «تەۋرات»، «ئىنجىل» قاتارلىقلارغا، ھاياتلىقنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە، ئۆلۈمنىڭمۇ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ، دۇنيادىكى بارلىق ئىش ـ ئەمەللەردىن ئېلىنىدىغان ھېسابنىڭ راستلىقىغا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ جەننەتكە، ئەكسىچە بولغانلارنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن، قەلب ۋە ئەمەلىيىتىدە باشقىلارنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان گۈزەل ئەخلاققا ئىگە مۆئمىنلەرنىڭ ھەقىقەتەن بەختلىك بولىدىغانلىقى بۇ ئايەتتە كۆرسىتىپ بېرىلگەن، بۇ ئايەت بىز سۆزلىمەكچى بولغان مەسىلىنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئايەتتىكى "قەد" دېگەن سۆز جۈملىنىڭ ھۆكمىنى مۇتلەق مۇئەييەنلەشتۈرۈش(يەنى ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ھۆكۈم) ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، "ئۇلار خالىس ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەللىرى ئارقىلىق

ئۆزلىرىنىڭ بەختىنى تېپىپ بولدى" دېگەندەك مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىمكى ھەرقانداق بىر نەرسىنى ئاللاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرمەي، ئاللاھقا يۈزلىنىدىكەن، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، كىمكى بىرەر نەرسىنى ئاللاھقا تەڭلەشتۈرگەن ئاساستا ئاللاھقا يۈزلەنسە ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ**" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھ تابارەك ۋە تائالا «ئەنئام» سۈرىسىنىڭ 82 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: "**ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان (يەنى ئاللاھقا بويسۇنغان)، ئىمانىغا مۇشرىكلىقنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر. ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر**".

بىز بۇ ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن "**مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى**" دېگەن نەتىجىنىڭ نېگىزلىك مەركىزىدە ئاللاھنىڭ ھەممىگە يېتەرلىك بولغان يېگانە قۇدرىتىگە ئىشىنىشنىڭ ئىمانىنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

### 【"الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ" [ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر]نىڭ تەپسىرى】

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا مۇھەممەد ئىبنى سىرىن مۇنداق دەيدۇ: "رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى نامازدا تۇرۇپ ئاسمانغا تىكىلىپ قارايتتى، مۇشۇ ئايەت نازىل بولۇۋىدى ئۇلار دەرھال سەجدىگاھقا قارىدى". دېمەك، نامازدا ئاللاھتىن ئۆزگىنى ئۇنتۇغان ھالدا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش، نامازنىڭ ساغلام ـ لاياقەتلىك ئادا بولۇشىدا پەۋقۇلئاددە مۇھىمدۇر. نامازنىڭ بارلىق ھەرىكەت تەرتىپىنى مۇكەممەل ئورۇنلاش بولۇپمۇ، قىيام (تىك تۇرۇش)، رۇكۇ (ئېگىلىش، يەنى ئېتائەتمەنلىكنى ئىپادىلەش)، سەجدە (باش قويۇش) قاتارلىق ئىپادىلەرنى ئۆلچەملىك ئىجرا قىلىش، جۈملىدىن بۇ جەرياندىكى ئاللاھقا بولغان دىل ئىزھارىنى (يەنى تەكبىر ئوقۇش، ئايەت ئوقۇش، تەسبىھ ئوقۇش ۋە دۇئا ئوقۇش قاتارلىق مەنىۋى ئىپادىلەرنى) سەممىي قەلب بىلەن ھەقىقەتەن موھتاج ئىكەنلىكىنى، ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ھەتتاكى گۇناھكار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ پەرۋەردىگارىغا سىغىنىش نامازدىكى ئەستايىدىللىق ھېسابلىنىدۇ.

ناماز ئاللاھنى تونۇپ ئىسلام يولىغا كىرگەندىن كېيىنلا (يەنى ئىماندىن كېيىنلا) ئادا قىلىش شەرتسىز بېكىتىلگەن، مۇسۇلمانلىقنىڭ روشەن ئىپادىسى بولغان بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ جېنى.

بەندىنىڭ (يەنى ئىگىدارچىلىق قىلىنغۇچىنىڭ) ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت ـ سەلتەنىتىنى ئاكتىپ ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇ زاتنىڭ ئىختىيارىدا ئىكەنلىكىدىن ھەمدە ئۇ زاتنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان ۋە ئاتا قىلىۋاتقان خىلمۇخىل نېمەتلىرىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇلۇغلاش ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈش تۇيغۇسىنىڭ زاھىرەن (يەنى ئاشكارا) ئىپادىسى — نامازدۇر.

ناماز — بەندىنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىشى، ئاللاھتىن رەھمەت تەلەپ قىلىش ۋە ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن پاكلىنىش يولىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "**سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھ) دىن ياردەم تىلەڭلار، ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار) دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر**" {سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 45 ـ ئايەت}.

توغرا يولدا بولغۇچىلار تۇرمۇشىنىڭ بارلىق قىيىنچىلىق ۋە بېسىمىغا سالماقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ، ئۆزىدىكى ئاجىزلىق ۋە خاتالىقلارنى تېزدىن ئۆزگەرتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ناماز ئارقىلىق كامالى قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ قىسمەتلىك سىناقلارغا بولغان ئوچۇق پوزىتسىيىسى. يۇقىرىقى ئايەت روھىدىن يەنە شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سەممىيلىك بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىش، ئىشەنچ بىلەن ئالغا قاراش ئاللاھ تائالانىڭ تەۋسىيىسى.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "**مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) ئاللاھدۇرمەن. مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق. (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن. مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز**

ئوقۇغىن"{سۈرە «تاھا» (20 ـ سۈرە)، 14 ـ ئايەت}.

ناماز ئارقىلىق ھەربىر بەندە ئۆز ئىگىسىگە بولغان قۇللۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئىنساننىڭ ھەممە ئەزاسى جالالەت ئىگىسى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش پۇرسىتى بىلەن بەختىيارلىق ھوزۇرىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئومۇمەن، ئىنساننىڭ بارلىق سەزگۈسى مېھرىبان ئاللاھقا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ راھىتى بىلەن سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەزان ئېيتىشقا بۇيرۇپ: **"ئى بىلال، بىزنى ناماز بىلەن راھەتلەندۈرگىنە"** دەيتتى (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

مۇئمىن كىشى نامازدىن ئىبارەت بۇ تولىمۇ ئۇلۇغ، تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىبادەتنى يۇقىرىقىدەك مەقسەت ـ مۇرات بىلەن نىيەت قىلىپ، ھوزۇر قەلب (كۆڭۈل ئازادىلىكى)، خۇشۇ ـ خۇزۇ (ئاكتىپلىق ۋە ئەستايىدىللىق) بىلەن ئوقۇغاندا، ئاشۇ مۇئمىنلىكنىڭ گەۋدىلىك بىر شەرتىنى ئورۇنلىغان بولىدۇ. بۇنداق ئەستايىدىللىقنىڭ زادى قايسى دەرىجىدە نامايان بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ۋە بىلىپ تۇرغۇچى، بۇ نامازنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى زات ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا ئۆزى بىلىدۇ. ئەمما شۇنى ھېس قىلىمىزكى، نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بۇ خىل سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرەلمەيدۇ ياكى ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن نامازنى ئايرىپ قارايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان نامازلىرى ئۇلارنى سەمىمىيەتكە، توغرىلىققا ئىگە قىلالمايدۇ. ئۇلار تۈرلۈك ـ تۈمەن گۇناھ ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتمايدۇ. ھەق ئىگىسىگە ئاسىيلىق قىلىدۇ. باشقىلارغا ئىللەتلىك، پاسكىنا تەسىر بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا «مائۇن» سۈرىسىنىڭ 4 ـ، 5 ـ ئايەتلىرىدە: **"شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازلىرىنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ"** دەپ، بىخۇدلۇق بىلەن شەكلەن ئادا قىلىنغان نامازنىڭ ئوقۇغۇچىغا مەنپەئەت ئەمەس، بەلكى زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، يەنە مۇشۇ سۈرىنىڭ 6 ـ ئايىتىدە: **"نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ"** دېيىش ئارقىلىق بەندىلىرىنىڭ نامازغا بولغان پوزىتسىيىسىدە سەگەك بولۇشنى ئاگاھلاندۇرغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرۇپ ساقىلىنى ئويناۋاتقان ئادەمنى كۆرۈپ: (بۇ كىشىنىڭ قەلبى ئاللاھتىن قورققان، ئەيمەنگەن بولسا ئەزالىرىمۇ ئەيمەنگەن بولاتتى) دېگەن ئىدى" («فىقھول ئىبادەت»دىن).

دېمەك، ئىدىيە جەھەتتىن دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاللاھقا يۈزلىنىش، تاشقى جەھەتتە بەلگىلەنگەن ھەرىكەتلەردىن باشقىنى سادىر قىلماسلىق نامازنىڭ قوبۇل بولۇش نىسبىتىنى ئاشۇرىدىغان ئۈنۈملۈك ھالەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ نامازدا تۇرۇپ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىڭلارنى ئوينىشىڭلارنى؛ سەدىقىنى بېرىپ، كەينىدىنلا مىننەت قىلىشىڭلارنى؛ روزىدار تۇرۇپ ناشايان سۆز قىلىشىڭلارنى؛ قەبرىستانلىقتا كۈلۈشىڭلارنى؛ جۇنۇپ ھالەتتە مەسچىتلەرگە كىرىشىڭلارنى؛ رۇخسەتسىز باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە قارىشىڭلارنى ياقتۇرمايدۇ"** دېگەن ئىدى («فەتھۇل كەبىر»دىن).

مەشھۇر فىقھى ئالىملار (شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئەمەلىيەتكە كونكرېت تەدبىقلىغۇچىلار) "نامازدا تۇرۇپ ئۇ يان ـ بۇ يانغا قاراش، بىسمىسىز ئەسنەش، كېكىرىش، كۆزىنى يۇمۇۋېلىش، ئېغىزنى ئېتىۋېلىش، جايىنامازدىن نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش قاتارلىق ناماز ھەرىكىتىدىن باشقا ھەرقانداق ئىشنى نامازنىڭ قوبۇل بولۇش سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ياكى ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىش" دەپ قارايدۇ.

نامازدىن ئىبارەت مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خاسلىققا ئىگە بولغان بۇ كاتتا ئىبادەتنى ئىجرا قىلىشتا، چوقۇم نامازنىڭ ئەركانلىرى (قانۇنىيەتلىرى)، ۋاجىب، سۈننەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىدا تۇرغان تەسرات بىلەن ئەستايىدىل بەجا كەلتۈرۈش ئىدىيىسىدە بولغاندىلا ئاندىن مەقسەتكە يېتىپ، ئاللاھ تائالا ماختىغان مۇئمىنلەر قاتارىغا ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە مۇشەررەپ بولالايدۇ.

**【"وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ" (ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر)نىڭ تەپسىرى】**

مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق

ھۆكۈمرانلىقىغا زىت زەررىچىلىك ئىدىيىۋى تۇيغۇدا ۋە سۆز ـ ھەرىكەتتە بولمايدۇ، پاك بولىدۇ. يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، خۇراپاتلىق قاتارلىق باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق بولغان قىلمىشلاردىن خالىي بولىدۇ. ئۇلار ئەقىلدىن ئازدۇرغۇچى، ساغلام ـ پاك تەننى بۇلغاپ كېسەل قىلغۇچى، ئائىلە ـ تاۋابىئاتىنى بىسەرەمجان قىلغۇچى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا خار ـ زەبۇن قىلغۇچى، شەيتانغا دوست، ئاللاھقا قارشى قىلغۇچى، قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت كەلتۈرگۈچى بارلىق ئىستېمالدىن (يەنى زەھەردىن، ھاراقتىن، قىماردىن) ھەقىقەتەن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار دوست ـ قېرىنداشلىرىنىڭ ئارقىسىدىن سۆزلىمەيدۇ، يامان غەرەز بىلەن گەپ توشىمايدۇ. پىتنە ـ پاساتلارغا يېنىكلىك بىلەن ئىشەنمەيدۇ. ئەقىل ـ پاراسەت ۋە جىسمانىي قۇۋۋەتنى خوراتقۇچى ئويۇن ـ تاماشالارغا بېرىلمەيدۇ. ئەكسىچە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىلىق بولغان بىلىم، ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلەش ئۈچۈن توختاۋسىز ئىزدىنىدۇ. قېرىنداشلىرىغا ئىزچىل مەنپەئەت يەتكۈزۈش مەقسىتىدە تىرىشىدۇ. قان ـ تەر ئېقىتىپ ئاتا ـ ئانىغا كۆيۈنىدۇ. ئاللاھ تائالا سۈرە «فۇرقان» (25 ـ سۈرە) نىڭ 72 ـ ئايىتىدە: **"ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ. يامان سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ"** دەيدۇ.

بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىز ياكى پەرزەنتلىرىمىز ئاللاھ تەلەپ قىلىۋاتقان يۇقىرىقى پاك، مەنپەئەتلىك ئەمەللەرنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە، كاززاپلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، زالالەت دەشتىنى كېزىپ، يۇرت ـ ماكان، دوست ـ قېرىنداشلىرى ئالدىدا ئاسىيلارغا ئايلىنىپ كەتمەكتە. بۇنداقلارنىڭ بالدۇرراق ھىدايەت گۈلىستانىغا قايتىپ، ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن ساپ نەپەسكە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ئەلۋەتتە.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "پايدىسىز، مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەل خىسلىتىدۇر" (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

باشقىلارنى خىجىل قىلىپ قويۇش، خاراكتېر سەۋەبىنى بىلمىگەن ئىشلارغا قول تىقىپ، ئۆزىنى ھاقارەتكە ئۇچرىتىش قاتارلىق ئىشلار ھەقىقەتەن يامان ئىللەتلەردۇر. بۇ خىل ئاقىۋەت ئىنساننىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈپ، روھىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

### 【"اَلَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ" (ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر) نىڭ تەپسىرى】

زاكات قانداق ئۇقۇم؟ بۇ پەرز ھۆكۈمنى ئېلىپ كەلگەن بىر جۈملە سۆز ئارقىلىق ئىسلام شەرىئىتى بىزگە نېمە دەۋاتىدۇ؟

بىز ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ھەرقانداق تارىخى دەۋرى ۋە ھەرقانداق بىر ماكان ـ رايونىغا قارايدىغان بولساق، ئىقتىسادنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەمما، ئۇ ھەممە قولغا تەكشى تارقالغان ئەمەس. ھالبۇكى، كىشىلەر چوڭ سىناققا دۇچ كەلدى. ئاللاھ تائالا بىر قىسىم كىشىلەرنى بايلىققا ئىگە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بايلىققا بولغان پوزىتسىيىسىنى، يەنى ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىنى، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە، قىيىنچىلىققا يولۇققان قېرىنداشلىرىغا بولغان ساخاۋىتىنى سىنىدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى موھتاجلىق ۋە قىيىنچىلىقتا قالدۇرۇپ ئۇلاردىكى سەۋر ـ تاقەتنى، قانائەتچان ئىدىيىدىكى ئۆزگەرمەس تەقۋادارلىقنى سىنىدى. بۇ ئايەتتىكى بىز سۆزلىمەكچى بولغان مەزمۇن ئالدىنقى قاتاردىكى (يەنى بايلىققا ئىگە بولغان) كىشىلەرگە قارىتىلغان.

دېمەك، زاكات ـــ ھاجىتىدىن ئېشىنغان كىشىلەرنىڭ موھتاجلارغا قىلىدىغان ياردىمىدۇر. ئەمما شۇنى بىلىۋېلىشى كېرەككى، ئۇ كىشىلەرنىڭ خالىغان رەۋىشتىكى قىلىدىغان ساخاۋىتى بولماستىن، بايلىقنىڭ شەرىئەت بېكىتكەن ئۆلچەم بويىچە ئايرىلىشىدۇر.

كۆپلىگەن تەپسىرشۇناس ئالىملار بۇ ئايەتتىكى "الزَّكَاةُ" (زاكات ـــ يەنى پاكلاش، ئېرىشكەن بايلىقنىڭ مەلۇم نىسبىتىنى ئاجىزلار ئۈچۈن ئايرىش) ئىبارىسىنى: "نەپسىنى شېرىك ئىدىيىدىن، قەلبىنى قاراڭغۇلۇق ۋە غەپلەت پاسكىنىچىلىقلىرىدىن خالىي قىلىش مەقسىتىدە قىلىنىدۇ" دەپ قارايدۇ («تەپسىر

ئىبنى كەسىر»دىن).

ئۇلار(مۇپەسسىرلەر) ئاللاھ تائالانىڭ سۈرە «شەمس»(91 ـ سۈرە)نىڭ 9 ـ ، 10 ـ ئايەتلىرىدىكى **”روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، نەپسىنى(كۇفرى ۋە پىسقى-فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۈمىد بولىدۇ“** دېگەن ھۆكۈمنى دەلىل كەلتۈرىدۇ. شۇڭا كامىل مۆئمىن كىشى قەلب دۇنياسىنى پاكلىشى، مال ـ مۈلۈك جەھەتتىن زاكات ۋە سەدىقە ـ ئېھسان ئارقىلىق ماددىي دۇنياسىنى پاكلىشى كېرەك.

زاكات بېرىش ھىجرەتنىڭ 2 ـ يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە پەرز قىلىنغان. ئۇ ئىسلامدىكى بەش پەرزنىڭ بىرسى(يەنى بەش تۈۋرۈكلۈك ئىسلام بىناسىنىڭ ئاساسلىق بىر تۈۋرۈكىدۇر).

”زاكات“نىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئەھمىيىتى (ھاياتى دۇنيادىكى ئالاھىدىلىكى) شۇكى:

1. بايلىقنىڭ چەكلىك كىشىلەر قولىدا توپلىنىپ قېلىپ، باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى چوڭىيىپ، بۇ ئىككى خىل كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ھاڭ پەيدا بولۇپ، زىددىيەت كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛

2. پېقىر ـ مىسكىنلەرنىڭ ماددىي ھاجىتىنى مەلۇم دەرىجىدە يېنىكلىتىدۇ؛

3. بايلىق توپلىغۇچىلارنىڭ بېخىللىق، ئاچكۆز، شەخسىيەتلىك ئىدىيىسىنىڭ گەۋدىلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛

4. مال ـ مۈلۈك سەۋەبلىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت ـ ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق كېلىپ چىقىدىغان ھەرخىل يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلايدۇ؛

5. ئۆزئارا مېھرى ـ مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ؛

6. يوقىرىقى ئىشلار ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ، ئىقتىسادنىڭ بەرىكىتى ۋە ئۈزلۈكسىزلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **”ئاللاھنىڭ يولىدا(پۇل-مال) سەرىپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار. ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ“** {سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 195 ـ ئايەت}.

مەردلىك ـ سېخىيلىق(يەنى قېرىنداشلارغا ياخشىلىق قىلىش) ئاللاھنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىشنىڭ مۇھىم بىر يولى. بىزنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقىمىز ئاللاھنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىش ئەلۋەتتە. چۈنكى ئاللاھنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشكەنلىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكەنلىكتۇر. ئەبۇ دەرداﺋ ئۇۋەيمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: **”مېنى ئاراڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەر ئىچىدىن ئىزدەڭلار، سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاراڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ بەرىكىتىدىن مەدەت ۋە رىزىق بېرىلىدۇ“**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). باي كىشىلەر يوقسۇللارغا باشقىچە(شەكىلنىش نەزىرى بىلەن) قارىماسلىقى ھەمدە ئۇلارغا خەيرى ـ ئېھسان قىلغاندا ئۆزىنى ئۇلاردىن يۇقىرى تۇتماسلىقى كېرەك. سەلەمە جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: **”كىمكى ئەمىلىنى باشقىلار ئاڭلىسۇن دەپ قىلىدىكەن ئاللاھ ئۇنىڭ بۇزۇق نىيىتىنى قىيامەت كۈنى خالايىق ئالدىدا ئاشكارىلاپ، ئۇنى رەسۋا قىلىدۇ. كىمكى باشقىلار كۆرسۇن دەپ قىلىدىكەن ئاللاھ ئۇنىمۇ شۇنداق قىلىدۇ“**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

**【”اَلَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ إِلاَّ عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاء ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ“**
**[ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى(ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر(بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن(جىنسى تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر]نىڭ تەپسىرى】**

مۆئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەزالىرىنى، يەنى ئۇنىڭ ئەمىلى ئارقىلىق بەكمۇ كۈچلۈك لەززەت ھېس قىلىدىغان، ئۇنىڭ تەقەززاسىغا تاقابىل تۇرۇشتا بەكمۇ كۈچلۈك ئىرادە ـ ئېتىقاد كېتىدىغان جىنسى ئەزاسىنى(يەنى ئۇياتلىق يەرلىرىنى) زىناخورلۇقتىن، بەچچىۋازلىقتىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەھۋەت

نەپسنى تەلەپ قىلغان، ئەمما ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى هارام قىلغان بۇ يولدىكى تۈرلۈك قىلمىشلاردىن ساقلايدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىگە هالال بولغان ئاياللىرى بىلەنلا مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ئۇلار (مۇئمىنلەر) زىنا قىلىش ئەمەس، بەلكى زىناغا يېقىنلىشىشتىنمۇ هەزەر ئەيلەيدۇ، نامەھرەم (ئۆزىگە تەۋە بولمىغان) ئاياللارغا كۆزىنى يۇمىدۇ. ئاياللارمۇ نامەھرەم ئەرلەردىن ئۆزىنى تارتىدۇ. ئۇلار كىيىم كىيىش، يۈرۈش - تۇرۇشتا بولسۇن، بۇ ئەزالىرىنى باشقىلارنىڭ دىققىتىدىن مەخپىي تۇتىدۇ. هەرقاچان شەھۋانىي هېسسىيات قوزغىلىدىغان ئىش - هەرىكەت، سۆز - پائالىيەتلەردىن، ئالاقە - ئۇچۇرلاردىن يىراق بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا **"زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر"** دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئادەم بالىسىغا زىنا قىلىش پۈتۈلگەن بولسا، ئۇنى زىنادىن توسۇپ قېلىش چارىسى بولمايدۇ. ئىككى كۆزنىڭ زىناسى قاراشتۇر، ئىككى قۇلاقنىڭ زىناسى زىناغا ئائىت سۆز - ئاۋازلارنى ئاڭلاشتۇر، تىلنىڭ زىناسى زىناغا ئائىت سۆزلەرنى قىلىشتۇر. قولنىڭ زىناسى (زىنا مەقسىتى بىلەن) تۇتۇشتۇر، پۇتنىڭ زىناسى زىنا مەقسىتىدە مېڭىشتۇر. كۆڭۈل بۇ ئىشنى تەلەپ قىلىپ، جىنسى ئەزا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ياكى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ياكى رەت قىلىدۇ"** (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). يەنە بىر هەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"زىنا قىلغۇچى كامىل ئىمان بىلەن زىناغا ئىشراك قىلمايدۇ....."** دېگەن (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). هالال جۈپتىگە (ئايالىغا ياكى ئېرىگە) قانائەت قىلماي جىنسىي نەپسىنى هارامدىن (يەنى ئۆز جۈپتىدىن باشقىسىدىن) قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان كىشى ئاللاھنىڭ ئازابىغا مۇپتىلا بولىدۇ.

ئەخلاق كاتېگورىيەسىنىڭ يادروسى بولغان نومۇستىن ئىبارەت ئاللاھ تائالا ئىنسانغىلا خاس قىلغان بۇ مەنىۋى تۇيغۇنى كىم تەرك ئېتىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئاقىۋىتى هەقىقەتەن زىيانلىقتۇر. بۇنى هەربىر جان ئىگىسى رېئال دۇنياغا ئىبرەت كۆزى بىلەن نەزەر سالسىلا، بەكمۇ ئوچۇق هېس قىلالايدۇ. زىناخورلۇقتىن كېلىپ چىققان ئاچچىق ساۋاقلار بىزدە ناهايىتى كۆپتۇر. ئۇنى بىرمۇبىر تىلغا ئېلىش ئەلۋەتتە هاجەتسىز. ئائىلە، سالامەتلىك، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئەۋلادلارنىڭ بەخت - سائادىتى قاتارلىق چوڭ ئىشلاردىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر بىزنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىدىغان مەسئۇلىيىتىمىز.

**【"وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ" [ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر] نىڭ تەپسىرى】**

مۇئمىنلەر ئامانەتنىڭ هۆرمىتىنى قىلىدۇ (مەسئۇل بولىدۇ). ئەھدىنىڭ يۈزىنى قىلىدۇ (قەلبى بىلەن تىلى ئوخشاش بولىدۇ) مەيلى ئاللاھ تەرەپتىن ياكى قېرىنداشلىرى تەرەپتىن قويۇلغان ئامانەت بولسۇن تاكى ئۆز ئىگىسى تاپشۇرۇپ ئالغۇچە ئۇنىڭغا ياخشى پەرۋىشكار بولىدۇكى، زەررىچە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. هەرقانداق توختام - كېلىشىمگە رىئايە قىلىدۇ.

دېمەك، ئامانەتنى ئۆز ئەھلىگە تاپشۇرۇش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش (لەۋزىدە تۇرۇش) مۇئمىنلەرنىڭ مۇستەھكەم ئەخلاق نىزامى، ئۇلارنىڭ ئىمان - ئېتىقادىنىڭ كامالى ئىپادىسى. هەرقانداق ئىشتا (مەيلى سودا - كەسىپ، تىجارەت بولسۇن ياكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر بولسۇن ۋە ياكى ئادەتتىكى سۆز ۋەدىلەر بولسۇن...) خىلاپلىق قىلىش، خىيانەت قىلىش مۇناپىقلىق ئالامىتىدىندۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"ئى مۇئمىنلەر، ئەھدىلەرگە (يەنى ئاللاھ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار"** {سۈرە «مائىدە» (5 - سۈرە)، 1 - ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە رىئايە قىلماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ۋە جېدەللىشىپ قالغاندا بۇزۇق سۆزلەرنى قىلىشتىن ئىبارەت تۆت خىل خۇسۇسىيەت كىمدە بولىدىكەن، ئۇ بۇ ئىللەتنى تاشلىمىغۇچە ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقنىڭ بىر بەلگىسى بولغان بولىدۇ"** دېگەن ئىدى (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). بۇنداق ناچار خاراكتېر پەقەت مۇناپىقلىق تەبىئىتىگە

ئىگە بولغان كىشىدىلا بولىدۇ، شۇڭا ئۇچۇن مۇئمىنلەر ھەرقاچان ئاگاھ بولمىقى، بۇنداق ئىللەتلەردىن يىراق تۇرۇشى ۋە ئۆزلىرىنى پاك تۇتمىقى لازىمدۇر. چۈنكى ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەت كۈچلۈك ئىمان بىلەن بىر گەۋدە بولغان بولىدۇ. پەزىلەت يوقالسا ئىمان ئاجىزلىشىدۇ. ئىمان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە ئېسىل ئەخلاقتىن سۆز ئېچىش ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ھەربىر كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى قۇيرۇقىدا بىر بايراق بولىدۇ، ئۇنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ئىدىيىسى قانچە كۈچلۈك بولسا، ئۇ بايراق شۇنچە ئېگىز بولىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى ئەلگە باشلىق بولغان ئادەمنىڭكى ۋەدىسىدە تۇرماسلىقىدىنمۇ چوڭراق ۋاپاسىزلىق بولمايدۇ"**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغانلارنىڭ قىيامەت كۈنى بەكمۇ ئوچۇق رەسۋا بولىدىغانلىقىدىن ئېنىق بېشارەت بەرگەن. بۇ غەپلەتتىكىلەرنى ئويغىتىدىغان ياخشى سىگنالدۇر.

ئامانەت چوڭ مەنىدىكى ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كونكرېت مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ئامانەت. ئۇلار: ناماز، زاكات، روزا، ھەج قىلىش ۋە بۇ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن پاكلىنىش؛ ئاللاھ ھارام قىلغان بارلىق ئەمەللەردىن يىراق بولۇش؛ ئاللاھ بۇيرۇغان بارلىق ياخشى ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىش... قاتارلىقلار بولۇپ، ئاللاھ بۇ ئەمەللەرنى بەندىلىرىگە ئامانەت قىلغان، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.

2. ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەق-ئامانىتى. بەندە ئۆزىنىڭ روھى پىسخىكا ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىكى ئېھتىياجلىرىنى ئاللاھ كۆرسەتكەن يول بىلەن ئۆز ۋاقتىدا مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا تىرىششى كېرەك.

3. كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر جەريانىدىكى ھەق-ئامانىتى. بۇنىڭ مەزمۇن دائىرىسى كەڭدۇر. مەسىلەن، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي ھەق-ئامانەت مۇناسىۋىتى؛ ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق مۇناسىۋەتلەر؛ رەھبەرلىك بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر؛ ئىمام-خاتىپلار بىلەن جامائەت ئوتتۇرىسىدىكى توغرا يېتەكلەش ۋە توغرا يېتەكلىنىش مۇناسىۋىتى؛ ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلارنىڭ ئوقۇغۇچى-شاگىرتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى(يەنى ئۇلارغا مەسئۇل بولغان ئاساستا ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىتىشى، ئۇلارنىڭ ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىشى، شاگىرت-ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىشى؛ بارلىق سودىگەر-تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆزئارا ۋە ئىستېمالچىلار بىلەن بولغان راستچىللىق مۇناسىۋىتى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەق-ئامانەت مۇناسىۋىتىدۇر. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ: **"سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى. ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلار توغرىلىق سوراق قىلىنىسىلەر. خەلىپىمۇ(باشلىق) پادىچى، ئۇلار ئۆز پۇقرالىرى توغرىلىق سوراق قىلىنىدۇ. ئائىلە باشلىقى(ئەر كىشىمۇ) پادىچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر توغرىلىق سوراق قىلىنىدۇ. ئايال كىشىمۇ پادىچىدۇر، ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيىدىكىلىرى توغرىلىق سوراق قىلىنىدۇ. خىزمەتچىلەرمۇ پادىچى، ئۇ خوجايىنىنىڭ ماللىرى توغرىلىق سوراق قىلىنىدۇ. دېمەك، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ھېسابلىنىسىلەر ھەم ئۆز پاداڭلار توغرىلىق سوراق قىلىنىسىلەر"**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئىنسان يۇقىرىقى ئامانەت مۇناسىۋەتلىرى جەريانىدا ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ، ياكى مۇخالىپەتچىلىك قىلىپ ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. مۇئمىنلەر بۇ ئىشلارغا ئەلۋەتتە ئەھمىيەت بەرگۈچىلەردۇر. ھەركىم ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولىدۇ.

**【"اَلَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ"[ئۇلار نامازلىرىنى(ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر]نىڭ تەپسىرى】**

مۇئمىنلەر(ھەر كۈن، ھەر ۋاقىتتىكى)

نامازلىرىنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن ئۆلچەم بويىچە (كامىل تاھارەت ئېلىپ، نىيەتنى خالىس قىلىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، ئاللاھ كۆرسەتكەن مەسچىتلەردە جامائەتلەر بىلەن، بارلىق ئىچكى ۋە تاشقى پەرزلىرىنى مۇستەھكەم ئورۇنداپ) ئاللاھ ۋە ئۆزى رازى بولىدىغان رەۋىشتە ئادا قىلىدۇ. ئەكسىچە، كىشى نامازنىڭ يۇقىرىقى ئۆلچەم تەرتىپلىرىنى شەرئى ئۆزرىسىز(ئىسلام قانۇنى ئېتىبار قىلغان سەۋەبسىز) تەركى قىلسا، ئۇ نامازنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلماي، زايە قىلغانلار قاتارىدا بولۇپ، ئاقىۋەتتە ناماز ئۇنىڭغا مەنپەئەت ئەمەس، بەلكى زىيان(يەنى ئازاب) ئېلىپ كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەرنىڭ بېشىدا نامازنىڭ ئومۇمىي ھۆكۈمى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئۇنى ئادا قىلىشتىكى ئىچكى كەيپىياتى ھەققىدە بېشارەت بېرىپ، بۇ ئايەتتە ناماز ھەققىدە يەنە توختىلىپ، ئۇنى ئىجرا قىلىشتىكى كونكرېت قانۇنىيەتلەرنى يەتكۈزۈشى نامازنىڭ مۇئمىن مۇسۇلمانلار ئۈتەشكە تېگىشلىك تولىمۇ مۇھىم، تولىمۇ مەنپەئەتلىك ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"بەندىدىن قىيامەت كۈنى تۇنجى ھېساب ئېلىنىدىغان ئەمەل نامازدۇر. ناماز دۇرۇس ئادا قىلىنغان بولسا، ئۇ ئادەم نىجات تاپىدۇ. ئەگەر ناماز دۇرۇس رەۋىشتە ئادا قىلىنمىغان بولسا ئۇ ئادەم زىيانكار بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ پەرز نامازلىرىدىن نۇقسان كۆرۈلسە ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: (قاراڭلار، بۇ بەندەمنىڭ قىلغان نەپلە ئىبادەتلىرى بارمىكىن، نەپلە ئىبادەتلىرى بولسا، پەرزنىڭ كەملەپ قالغان جايلىرى نەپلە ئىبادەتلىرى بىلەن تولدۇرۇلسۇن). ئاندىن ئۇنىڭ باشقا ئەمەللىرى ئۈستىدىمۇ شۇ بويىچە ھېساب قىلىنىدۇ"**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مۇئمىن مۇسۇلمان ناماز ئۈستىدە باھانە ئىزدەپ ئۆزرە قويۇش مەقسىتىدە بولمىغاي!

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ بۇ ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە: "اَلَّذِينَ يَرِثُونَ الْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ" **[ئەنە شۇلار(يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە مۇئمىنلەر نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلار(يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ]** دەپ ئاللاھنى دوستلۇققا تاللىغان ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان مۇئمىنلەرگە بۇ تەگداشسىز قىممەتكە ئىگە بولغان، شەرەپ ۋە گۈزەللىك بالاغىتىگە تولغان، كىشىگە ھەقىقەتەن بەختنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ھېس قىلدۇرىدىغان مۇكاپاتتىن خۇشخەۋەر بەردى. مۇئمىنلەرنىڭ فىردەۋس جەننىتىدىن مەڭگۈ ئايرىلماي، بۇ تەسۋىرلىگۈسىز ھۇزۇر-ھالاۋەتلەردىن ئەبەدىل-ئەبەد بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى تەنتەنىلىك ئېلان قىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"تەقۋادارلار ھەقىقەتەن(ئاخىرەتتە ياپيېشىل) باغ-بوستانلاردىن، (سۈ، ھەسەل ۋە مەي ئېقىپ تۇرىدىغان) بۇلاقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ. (ئۇلارغا) جەننەتكە ئامان-ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار! دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ. جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ، ئۇلار جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ"**{سۈرە«ھىجر»(15-سۈرە)، 45—48-ئايەتلەر}.

ئەبۇ سەئىد ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرسە بىر نىدا قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: سىلەر مەڭگۈ ھايات ياشايسىلەر، ئۆلمەيسىلەر. سالامەت بولىسىلەر، ھەرگىز كېسەل بولمايسىلەر. ياش تۇرىسىلەر، ھەرگىز قېرىمايسىلەر. سىلەر نازۇنېمەت، بەخت-سائادەت ئىچىدە ئۆتىسىلەر، بەختسىزلىككە مەڭگۈ دۇچار بولمايسىلەر"**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

مانا بۇ، مۇئمىنلەرنى شادلاندۇرىدىغان، ھەممىنىڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمرانى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى. مانا بۇ، "قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ"(**مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى**) دېگەن ھۆكۈمنىڭ نۇرانە ئىپادىسى.

(ئاپتور: قورغاس ناھىيە لەڭگەر يېزا مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىلجان ھاجى كېرىم)




ئابدۇقادىر ئابدۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئەمەللەرنىڭ ئەۋزىلى، ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھقا يېقىنراقى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە بويسۇنۇشنىڭ يۇكسەكراقى بولۇپ، ئىلگىرىكى ئالىم ـ ئۆلىمالار ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئورنىنى بىلىپ يەتكەن، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇنى ياخشى ئۇسلۇبتا ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن بەختلىك بولۇپ، دۇنيادا ھۆرمەتكە، شان ـ شەرەپكە، يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن. بۇ تەربىيىۋى دەئۋەتنىڭ تۈرتكىسىدە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆزلىرىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى تۈزىتىش ئارقىلىق ئۇلارمۇ بەختكە مۇيەسسەر بولغان. ئەمما بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە بۇ ئەمەلگە سەل قاراش، بىپەرۋالىق قىلىش سەۋەبىدىن جەمئىيىتىمىزدە تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قىسىم ناچار، بولمىغۇر ئىللەتلەر كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

ئاللاھ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى ئىسلام ئۇممىتىگە پەرز قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىشنى شۇ ئۇممەتنىڭ ياخشىلىق بىلەن سۈپەتلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى قىلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **"سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر"**{سۈرە «ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، **104** ـ ئايەت}.

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئاللاھنىڭ ئەمرى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بولۇپ،

ۋەز ـ تەبلىغ

ئۇنىڭ پەرزلەرنىڭ بىرى بولۇشى، ئۇنىڭ قەدىرىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ئۆز بەندىلىرىگە پەرز قىلغان ئەمەللەر ئۇچۇن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا كاتتا ئورۇن بار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ ئەمەللەر بەندە ئۆز پەرۋەردىگارىغا يېقىنلىشىدىغان ئەمەللەرنىڭ سۆيۈملۈكرەكى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەن: ”**بەندەم ماڭا مەن ئۇنىڭغا پەرز قىلغان ئەمەللەردىن سۆيۈملۈكرەك بولغان بىرەر ئەمەل بىلەن يېقىنلىشىپ باقمىدى**“ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). پەرز ئەمەللەرنى بۇيرۇلغان ئۇسۇل بويىچە ئادا قىلىش، بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش ئاللاھنى ئۇلۇغلاش ۋە بويسۇنۇش ئارقىلىق ئاللاھنى رازى قىلىش بولۇپ، بۇلار ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىش قەدىمىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىنى ياخشى ئۇممەت دەپ سۈپەتلىدى، ئەمما ئۇممەتنىڭ ياخشىلىق بىلەن سۈپەتلىنىشىنى بىر قانچە سەۋەبلەرگە باغلاپ قويدى، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ”**(ئى مۇھەممەد ئۇممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر**“ {سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 110 ـ ئايەت}. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىنىڭ، ئۇممەتلەرنىڭ ياخشىسى ئىكەنلىكىنى، ياخشىلىق بىلەن سۈپەتلىنىشىنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش سەۋەبىدىن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.


ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش— مانا بۇ پەزىلەتلىك ئەمەلنى قىلغان ئادەمگە نىسبەتەن كىشىلەرگە قىلغان بىر تۆرلۈك سەدىقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ”**ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال-مۈلۈكتىن(خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ**“{سۈرە «بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 3 ـ ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ سەدىقە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەبۇ زەردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: ”**ياخشىلىققا بۇيرۇش سەدىقە، يامانلىقتىن توسۇش سەدىقە**“ دېگەن (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت بۇ پەزىلەتلىك ئەمەل بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجرىدەك ئەجىر بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**كىمكى بىراۋنى ياخشىلىققا چاقىرسا، چاقىرغۇچىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجرىدەك ئەجىر بولىدۇ، چاقىرغۇچىغا بېرىلگەن ساۋاب ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. كىمكى بىراۋنى يامانلىققا چاقىرسا، چاقىرغۇچىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھىدەك گۇناھ بولىدۇ، چاقىرغۇچىغا يېزىلغان گۇناھ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ**“ دېگەن(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بۇ ساۋاب خاس بىر ئەمەلگە چاقىرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى بۇ پەزىلەتلىك ئەمەل بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭ چاقىرىقىغا ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن باشقىلار ئەگەشسە، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچى شۇ ساۋابقا ئېرىشىپ تۇرىدۇ، ئەبۇ مەسئۇددىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**كىمكى بىراۋنى ياخشىلىققا باشلاپ قويسا، ئۇ ئادەمگە شۇ ئىشنى قىلغۇچىنىڭ ئەجرىدەك ئەجىر بولىدۇ**“ دېگەن(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقۇچىغا كاتتا ساۋاب بېرىدىغانلىقى بىلەن قىلغان ۋەدىسى بۇ ئەمەلنىڭ دەرىجىسىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ”**ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمر قىلغان كىشىلەر(نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ئۇ(ئىش)لارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز**“ {سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 114 ـ ئايەت}.

شۇڭا ھەربىرىمىز ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ياخشىلىقتىن يىراقلىشىپ، يامانلىققا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرگەندە، مەسىلىنى سوغۇققانلىق بىلەن ھەل قىلىشقا تىرىشىپ، باشقىلارغا نەسىھەت قىلغاندا (داۋامى 66 ـ بەتتە)

# مېھماندارچىلىق ۋە سورۇندا ئولتۇرۇشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى



ئامانۇللا ھىزبۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىش-پائالىيەتلىرىنى تەڭ ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىق قىلىدىغان مۇقەددەس دىن.

ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە مۇكەممەللىكى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەربىر ئىشىغا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن، ئىنساننىڭ "بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە"، ھەتتا ئاخىرەت ھاياتى، قايسى خىل ياشاش بەختكە، قايسى خىل ياشاش ئازابقا لايىق قىلىدىغانلىقىدىن تەپسىلىي خەۋەرلەرنى بەرگەن. ئىسلام دىنىمىز يەنە ئۆزىنىڭ تەلىمات پرىنسىپلىرىدا قۇرئان ۋە ھەدىس روھى بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يۈز بېرىدىغان، ئىنچىكە نۇقتىلارغىمۇ سەل قارىماستىن، ئەدەپ-قائىدە، ئۆلچەم-پرىنسىپلارنى بېكىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىنى گۈزەل، ئەدەپ-قائىدىلىك ياشاش يوللىرىنى ئۆگەتكەن، ئىنسانلارنى يېيىش، ئىچىش، كىيىم-كېچەك كىيىش، سالام قىلىش، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە قانداق كىرىش، چۈشكۈرۈش، ئەسنەش، ئۇخلاش، يېتىپ-قوپۇش، باشقىلار بىلەن قانداق سۆھبەتلىشىش، مېھماندارچىلىق ۋە سورۇندا ئولتۇرۇش، سەپەر قىلىش، تازىلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىكى ئەدەپ-قائىدىلەرنىمۇ بېكىتىپ بەرگەن، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلام ئەخلاقى بىلەن زىننەتلىنىشنى، مۇسۇلمانغا خاس بولغان پەزىلەتكە ئىگە بولۇشنى ۋە ھەربىر ئىشلىرى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ، نەمۇنىلىك رول ئوينىشنى تەشەببۇس قىلغان.

## ئىسلام دىنى ۋە ئەدەپ-قائىدە

يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن تۈرلەرنى باشقا قېرىنداشلىرىمىز قەلەم تەۋرىتىپ يېزىپ چىققان بولغاچقا، مەن بۇ يەردە مېھماندارچىلىق ۋە سورۇندا

ئولتۇرۇشنىڭ ئەدەپ قائىدىسى ھەققىدە قىسقىچە توختالماقچى.

جەمئىيەت كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىمۇ ھەرخىل مەرىكە، ئولتۇرۇش-قوپۇشلار، ھەرخىل شەكلى ۋە ئىسمى ئۆزگەرگەن مېھماندارچىلىقلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. شۇڭا ھەربىر مۇسۇلمان مېھماندارچىلىق ۋە باشقا ئىشلىرىدا ئىسلام ئەخلاقى يولغا قويغان پرىنسىپ ئۆلچەملەرنى ئاساس قىلىشى لازىم. قۇرئان كەرىمدە مېھماننى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا خۇش چىراي مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارغا قۇربىنىڭ يېتىشىچە زىياپەت تەييارلاشنىڭ لازىملىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: "**(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام دېدى. ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى. (ئىچىدە) 'ناتونۇش ئادەملەرغۇ؟' دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ (پىشۇرۇلغان) بىر سېمىز موزايىنى ئېلىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: 'يېمەمسىلەر؟' دېدى**"{سۈرە «زارىيات»(51-سۈرە)، 24—27-ئايەت}.

بۇ ھەقتە ھەدىسلەردىمۇ كۆپ تەلىملەر بېرىلگەن، ئەبۇ شۇرەيھ خۇۋەيلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىمكى ئاللاھ تائالا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ئۇ مېھمىنىنىڭ ئىنئامىنى بېرىپ ھۆرمەتلىسۇن**". ساھابىلەر سورىدى: "ئى رەسۇلۇللاھ! ئىنئامىنى بېرىش دېگەن قانداق بولىدۇ؟" پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**بىر كېچە-كۈندۈز ياخشى كۈتسۇن. مېھماندارچىلىق دېگەن ئۈچ كۈن بولىدۇ، ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتسە سەدىقە ھېسابلىنىدۇ**"(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**مۇسۇلمان ئادەم قېرىندىشىنىڭ ئۆيىدە ئۇزۇن تۇرۇپ، قېرىندىشىنى گۇناھكار قىلىپ قويۇشتىن ساقلانسۇن**" دېدى. ساھابىلەر: "ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى قانداق قىلىپ گۇناھكار قىلىپ قويىدۇ؟" دېيىشىدى. رەسۇلۇللاھ: "**قېرىندىشىنىڭ ئۆيىدە شۇقەدەر ئۇزۇن تۇرۇۋالىدۇكى، ساھىبخانىنىڭ ئۇنى مېھمان قىلغۇدەك نەرسىسى قالمايدۇ**" دېدى.

يۇقىرىقى ھەدىسلەر بىزگە مېھمان قىلىشنىڭ ئۈچ كۈن بولىدىغانلىقىنى، ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتكىنىنىڭ سەدىقە بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قىلىشقا قۇربى يەتسە ئېسىل پەزىلەت سانىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ساھىبخان مېھمىنىنى تۇنجى كۈنى ئىنتايىن ياخشى كۈتۈشى، قالغان ئىككى كۈندە بولسا قولىدىن كېلىشىچە كۈتۈشى لازىم. مېھمان كىشىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت مېھمان بولۇپ تۇرۇشى ياخشى ئەمەس، ئۇزاق تۇرۇۋالسا ئۆي ئىگىسى ئوڭايسىزلىنىدۇ. بەزىدە يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. ساھىبخان بولغۇچىنىڭ مېھمانلىرىغا "ئەمدى ھەر قايسىلىرىغا رۇخسەت" دېيىشكە تىلى بارمايدۇ، شۇڭا ساھىبخانىنىڭ ئەدەپلىك بولۇشى، مېھماننىڭ پەزىلەتلىك، زېرەك بولۇشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. شۇڭا مۇسۇلمانلار مېھماندارچىلىق ئىشىدا تۆۋەندىكى ئەدەپ-قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك.

## زىياپەتكە چاقىرىشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى

1. مېھماندارچىلىقتا مېھمانغا ئوچۇق-چىراي بولۇش، شېرىن سۆز قىلىش كېرەك. چۈنكى بۇ خىل ئىززەت مېھمان بولغۇچىنى كاتتا زىياپەت بەرگەندىنمۇ بەكرەك خۇشال قىلىدۇ. مېھمانلار ئالدىدا، بالا-چاقىلىرىنى تىللىماسلىق، تېرىكمەسلىك، قاتتىق سۆزلىمەسلىك، ئۆيدىكىلەرگە تەنبىھ-تەنە سۆزلەرنى قىلماسلىق لازىم. ئەجدادلىرىمىزمۇ: "مېھماندارچىلىقتىكى ئالىي ئىززەت — ئوچۇق يۈزلۈك ۋە شېرىن سۆزلۈكتۇر" دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرغان.

2. كەمبەغەللەرنى قويۇپ پەقەت بايلارنىلا چاقىرماسلىق لازىم. بۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**تاماقنىڭ يامىنى توينىڭ تامىقىدۇر، ئۇنىڭغا كەمبەغەللەر چاقىرىلماي، بايلار چاقىرىلىدۇ**"(مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان). شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ھەر تۈرلۈك زىياپەت، داستىخانلىرىغا پەقەت بايلارنىلا چاقىرماي، كەمبەغەل، نامراتلارنىمۇ قوشۇپ چاقىرىپ ئۇلارغىمۇ ئوخشاش ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام

كۆرستىشى، ھەربىر مېھماننى ئوخشاش چوڭ كۆرۈشى ۋە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

3. مېھماندارچىلىق ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرستىشنى، ماختىنىشنى مەقسەت قىلماسلىق كېرەك، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش مېھمانلارنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشنى مەقسەت قىلىش كېرەك. مۇئمىنلەرگە خۇشاللىق ئاتا قىلىشنى، مېھمانلىرىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ قەلبىگە خۇرسەنلىك، خۇشاللىق ئاتا قىلىشنى مەقسەت قىلىش كېرەك. بولمىسا ئۇ زىياپەت ياخشىلىق، ساۋاب ئىزدىلىدىغان ئەمەس، گۇناھقا ئېلىپ بارىدىغان زىياپەت، مېھماندارچىلىق بولۇپ قالىدۇ.

4. كېلىشى قىيىن ياكى كەلسە بىر قىسىم كىشىلەرگە ياخشى بولمايدىغان كىشىلەرنى بىلىپ تۇرۇپ چاقىرماسلىق لازىم. مېھماندارچىلىق سەۋەبلىك ئەزىيەت ياكى كۆڭۈلسىزلىك يېتىپ قالسا، ھەر ئىككى تەرەپكە ئوبدان بولمايدۇ. چۈنكى مۇئمىنگە ئەزىيەت يەتكۈزۈش ھارامدۇر.

## تەكلىپكە جاۋاب بېرىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

1. مېھماندارچىلىققا چاقىرىلغۇچى تەكلىپكە جاۋاب بېرىشى، سەۋەبسىز كېچىكمەسلىكى كېرەك. ئۇ تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر ھەم مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەقلىرىنىڭ بىرىدۇر. دىن ياكى جىسمانىي زىيان يېتىشتىن قورقسا، ئۆزرە بولسا بۇ باشقا گەپ. بولمىسا رەت قىلماي بېرىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**تەكلىپ قىلىنغان كىشى كەلسۇن**"(ئەبۇ داۋۇد، ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان) دېگەن.

دېمەك، ئاددىي زىياپەتكە چاقىرىسىمۇ ئىمكانىيەت بولسىلا بېرىش، ئۆزرىسىز ھالەتتە چوڭچىلىق، كۆرەڭلىك قىلىپ، مېھماندارچىلىق ئەدەپلىرىنى تەرك قىلىپ، چاقىرىلغان يەرگە بېرىشتىن قاچسا ياخشى بولمايدۇ.

2. چاقىرغان يەرگە بېرىشتا باي ـ كەمبەغەل دەپ ئايرىماسلىق، ئۇلار بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يېيىشتىن قاچماسلىق كېرەك. چۈنكى باينىڭكىگە بېرىپ، كەمبەغەلنىڭكىگە بارمىسا كەمبەغەلنىڭ دىلىنى سۇندۇرىدۇ. پەرىشان قىلىدۇ. بۇ چوڭچىلىق، ھاكاۋۇرلۇقتۇر. چوڭچىلىق بولسا ھالاكەتتۇر.

باينىڭكىگە بارالمىسىمۇ ئىمكانىيەت بولسىلا كەمبەغەلنىڭكىگە بېرىش لازىم. بۇ ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ياخشىدۇر. كەمبەغەللەرنىڭ تەكلىپىگە جاۋاب بېرىش توغرىسىدىكى بايانلارنىڭ بىرى شۇكى، ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى) يەر يۈزىگە تارىلىپ ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان بىر بۆلۈك مىسكىنلەرنىڭ، كەمبەغەللەرنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپتى. ئۇلار ئۇنىڭغا: ‘ئەي! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىنىڭ ئوغلى، تاماققا كەل!’ دېدى. ئۇ: ‘بولىدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا چوڭچىلىق قىلغانلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ’ دەپ قېچىردىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يېدى.

3. مۇساپىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىنى ئايرىماسلىق لازىم. ئەگەر ئىككى كىشى تەڭ چاقىرغان بولسا ئاۋۋال دەسلەپ چاقىرغىنىغا بېرىش، ۋاقىت بولسا كېيىنكىسىگىمۇ بېرىش، بولمىسا كېيىنكىسىگە ئۆزرە ئېيتىش كېرەك.

4. روزا تۇتقانلىق سەۋەبىدىن كېچىكمەسلىك، ۋاقتىدا قاتنىشىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**سىلەرنىڭ بىرىڭلار تەكلىپ قىلىنسا بارسۇن، ئەگەر روزا تۇتقان بولسا ياخشى تىلەكلەرنى تىلىسۇن، ئەگەر ئېپتار قىلغان بولسا تاماق يېسۇن**" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: "**قېرىندىشىڭغا ئۆزرەڭنى ئېيتىپ، مەن روزا تۇتقۇچى دە!**"(دارىقۇتنى رىۋايەت قىلغان).

5. تەكلىپكە جاۋاب بېرىش ئارقىلىق مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشنى نىيەت قىلىش لازىم. "**ھەقىقەتەن بارلىق ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق. ھەقىقەتەن كىشىگە ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ**"(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). دېمەك، ياخشى نىيەت ئادەتتىكى ئىشلارنىمۇ ئەجىرگە، ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ.

ئىسلام كۆرسەتمىلىرى مۇسۇلماننىڭ پۈتكۈل ھاياتى ۋە ھاياتلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ سورۇندا ئولتۇرۇش ۋە سورۇننىڭ ئەخلاقلىرىغىچە بولغان ھالەتنىمۇ تەپسىلي بايان قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان كىشى ئولتۇرۇش ۋە سورۇن ئىشلىرىدا ئاشۇ ئەخلاق ـ نىزاملارغا رىئايە قىلىشى لازىم.

## سورۇندا ئولتۇرۇشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىسى

1 .ئەگەر سورۇندا ئولتۇرماقچى بولسا، ئاۋۋال سورۇن ئەھلىگە سالام بېرىپ ئاندىن سورۇننىڭ ئاخىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشى، بىرەر ئادەمنى شۇ كىشىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇش مەقسىتىدە قوپۇرۇۋەتمەسلىكى(ئەگەر ئۆزى ھۆرمەت كۆرسىتىپ تۇرۇپ بەرسە مەيلى)، ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا رۇخسەتسىز ئولتۇرماسلىقى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىر ئادەمنى قوپۇرۇۋېتىپ ئاندىن ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرمىسۇن، لېكىن ئورۇن بوشىتىپ بېرىڭلار ياكى كېڭەيتىپ بېرىڭلار"**(مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلسەك، بىزنىڭ ئولتۇرغان جايىمىز سورۇننىڭ ئەڭ ئاخىرى بولاتتى"(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان). يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى رۇخسەتسىز ئايرىۋېتىش ھالال بولمايدۇ"** دېگەن(تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

2 .بىرەر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ يەنە قايتىپ كەلسە، ئۇ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇشقا ئەڭ لايىق بولىدۇ. ئەگەر بىرەر ھاجەت ياكى خىزمەت سەۋەبىدىن ئورنىدىن قوپۇپ كەتكەن كىشى ئۆز ئىشى تۈگەپ شۇ سورۇن ئاخىرلاشماستا قايتىپ كىرگەن بولسا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئورنىدا ئولتۇرۇشقا لايىق، ئەگەر قايتىپ كىرىش ئېھتىماللىقى بولمىسا، ئۇنىڭ ئورنىدا باشقىلار ئولتۇرسا بولىۋېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"سىلەردىن بىرەيلەن ئۆز ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قايتىپ كەلسە، ئۇ ئاشۇ ئورۇنغا ئەڭ لايىق"** دېگەن(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

3 .سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋالماسلىق لازىم، بۇ چەكلەنگەن قىلىقتۇر. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ئادەمگە لەنەت قىلغان"** دېگەن (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

4 .سورۇندا سالاپەتلىك، تەمكىن ئولتۇرۇش، بارماقلىرىنى كىرىشتۈرمەسلىك، ساقال ياكى ئۈزۈكى بىلەن ئوينىماسلىق، چىشىنى كوچىلىماسلىق، قولىنى بۇرنىغا تىقماسلىق، تۈكۈرۈش، دىماغ قېقىش، چۈشكۈرۈش، ئەسنەشنى كۆپ قىلماسلىق كېرەك.

5 .سورۇندا ئاز ھەرىكەت قىلىش، تىنچ ئولتۇرۇش، سۆزلىرى تەرتىپلىك، دۇرۇس بولۇش، كۆپ گەپ قىلماسلىق، ئۆزىنى كۆرسىتىش، ھەزىلكەشلىكتىن ساقلىنىش، ئائىلىسى، بالىلىرى ياكى بايلىقى بىلەن ماختىنىپ سۆزلىمەسلىك لازىم. نورمال، ئۆز لايىقىدا بولغىنى ئەڭ ياخشىدۇر.

6 .ئەگەر باشقىلار سۆزلىسە، كىچىك پېئىللىق، كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلاش، سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەسلىك، قايتا سۆزلەشنى تەلەپ قىلماسلىق لازىم، بولمىسا سۆزلىگۈچىنى ئوسال ئەھۋالغا قويىدۇ. مۇسۇلمان كىشى يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئىككى ئىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ: بىرى، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ئەخلاقى ياكى ئىش ـ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، چۈنكى مۇسۇلمانغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ھارامدۇر ھەم بۇ مۇسۇلمانلىق ئەخلاقىغىمۇ زىت بولۇپ ھەدىستە: **"مۇسۇلمان دېگەن باشقا مۇسۇلمانلارغا قولى ۋە تىلى ئارقىلىق ئەزىيەت يەتكۈزمىگەن كىشىدۇر"** دېيىلگەن (ئىمام ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). يەنە بىرى، دوستلارنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە ئارىلىشىپ ئۆتۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇشقا، دوست بولۇش ۋە دوستانە ئۆتۈشكە، بىر ـ بىرى بىلەن بىر تەن ۋە بىر گەۋدىدەك ياشاشقا بۇيرۇغان ۋە قىزىقتۇرغان.

## سورۇننىڭ ئەدەپ ـ قائىدىسى

1. سورۇن ئەھلىنى كۆپ ساقلاتماسلىق، كەلگۈچىلەرنى ھەددىدىن زىيادە ئالدىراتماسلىق لازىم.

2. سورۇنغا كىرگەندە تۆرگە چىقىشقا ئۇرۇنماي، سورۇن ئىگىسى كۆرسىتىپ بەرگەن ئورۇندا ئولتۇرۇشى، كەمتەر بولۇش، سورۇندىن ئايرىلماسلىقى لازىم.

3. ئاياللار ھۇجرىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرماسلىقى، تاماق ئېلىپ چىقىدىغان تەرەپكە قاراۋەرمەسلىك لازىم.

4. سورۇن ئىگىسىدىن رۇخسەتسىز نەرسە ئىزدىمەسلىك، تولا نەرسە سورىماسلىق، نەرسىلەرنى قالايمىقان تۇتتۇۋەرمەسلىك لازىم. ئەمما بەزى زۆرۈر ئىشلارنى، قىبلە تەرەپنى، ھاجەتخانىنى، تاھارەت ئالىدىغان جاينى، تۇز، سۇ، كىتاب قاتارلىق نەرسىلەرنى سورىسا بولىدۇ.

5. تاماقتىن بۇرۇن، تاماقتىن كېيىن قول يۇغۇزۇش كېرەك. بۇ ھۆرمەتنى ۋە خۇرسەنلىكنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ.

6. مېھمانغا خاس ئۆزىلا خىزمەت قىلىش، ئائىلە خىزمەتچىلىرىنى ياكى باشقا كىشىلەرنى خىزمەتكە بۇيرۇماسلىقى لازىم. مېھمان ئاز بولسا بىللە ئولتۇرۇش، كۆپ بولسا ئۇلارغا ئۆزى خىزمەت قىلىش ۋە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ: ''قېنى، تارتىنماي ئېلىڭلار!'' دېگەندەك تەكلىپ سۆزلىرىنى قىلىشى، توختىماي زورلاۋەرمەسلىكى لازىم.

7. مېھمانلاردىن ئۇلارنىڭ نېمىگە كۆڭلى تارتىدىغانلىقىنى نېمە تاماق يەيدىغانلىقىنى سوراش لازىم. ئەگەر تاماق مېھماننىڭ ئىستەك ۋە خاھىشى بويىچە تەييارلانسا مېھماننىڭ خۇرسەنچىلىكى زىيادە بولىدۇ. ئەمما مېھماندىن ''بىر نەرسە يەمسىز؟ بىر نەرسە ئېلىپ چىقايمۇ؟'' دەپ سوراشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇ ناھايىتى يامان ئادەتتۇر. ئۇنداق سورىماي ئۆيدە بار نەرسىسىنى ئېلىپ چىقىپ مېھماننىڭ ئالدىغا قويماق ئېسىل خىسلەتلەر قاتارىدىندۇر.

8. تاماق تەييار بولغاندا تاماقنى ئەكىلىشكە ئالدىراش لازىم. تاماق كۆپ بولسىمۇ مېھماننىڭ ئالدىغا قەستەن ئاز ئېلىپ چىقماسلىق لازىم. ئەگەر تاماق تەييار بولمىسا دەرھال تاماق قىلىشقا تۇتۇش قىلىشى لازىم. بۇ مېھماننى ھۆرمەتلىگەنلىك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''**ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئادەم مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن**'' دېگەن (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). چاقىرىلغان كىشىنىڭ كۆپچىلىكى كېلىپ بولغان بولسا، بىر، ئىككى كىشى كەلمىگەن بولسا كۈتۈپ تۇرمىسىمۇ بولىدۇ. مېھمانغا تاماقنى تېز كەلتۈرۈش تەكىتلەنگەن ئىشتۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ مېھمانلىرىغا ناھايىتى تېزلا تاماق كەلتۈرگەن. ھاتەمۇل ئەسەم مۇنداق دېگەن: ''ئالدىراقسانلىق شەيتاندىن بولىدۇ. لېكىن بەش ئىشنى بېجىرىشتە ئالدىراش لازىم، يەنى مېھمانغا تائام كەلتۈرمەك، ئۆلۈكنى يەرلىككە قويماق، قىزنى ئەرگە بەرمەك، قەرزنى ئادا قىلماق، گۇناھتىن تەۋبە قىلماق''.

9. ئەگەر ئاياللار ۋە باللارغا ئايرىم سورۇن راسلانغان بولسا تاماقنىڭ بىر بۆلۈكىنى ئۇلارغا كىرگۈزۈپ بېرىش لازىم. ئەگەر باللار چوڭلار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرغان بولسا ئۇلارغىمۇ ئوخشاش ئىلتىپات كۆرسىتىشى كېرەك. سورۇندىكى چوڭلار ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشى لازىمدۇر.

10. باشقىلار قول ئۇزۇش ۋە كۆپچىلىك تولۇق توختاشتىن بۇرۇن تاماقنى ئېلىۋېتىشكە ئالدىرىماسلىق لازىم.

11. مېھمانغا يېتەرلىك تائام كەلتۈرۈش لازىم. ئازدا قورساق ئاچ قالىدۇ. كۆپتە ئىسراپچىلىق ۋە ياسالمىلىق بولىدۇ. ئىككىلىسى ياخشى ئەمەس.

12. مېھماننى تاماقنى كۆپ يېگەنلىكتىن ئەيىبلىمەسلىك لازىم. بۇ مېھماندارچىلىق قائىدىسىگە خىلاپ ھەم مېھمان ھەققىگە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ.

13. بىرىنىڭكىگە مېھمان بولۇپ چۈشسە، ساھىبخان چىڭ تۇرۇۋالمىسىلا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇرماسلىق، قايتقاندا سورۇن ئىگىسىدىن ئىجازەت سوراش لازىم. ئەگەر ئاتا ـ ئانا، يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بولسا بولۇۋېرىدۇ.

14. ئەگەر مېھمان تەكلىپسىز كەلگەن بولسا ئۇنىڭغا تەكەللۇپ ھەم ھەشەم قىلىنمىغاي. ئۆيدە نېمە بولسا شۇنى كەلتۈرۈشى، بولمىسا قەرز ئېلىپ

يۇرمىسىمۇ بولىدۇ. ئۆيدە بالا ـ چاقىلىرىغا يەتكۈدەكلا بولۇپ، مېھمانغا قويىسا بالا ـ چاقىلىرى ئاچ قالىدىغان بولسا، مېھمانغا قويۇلمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇلۇغلىرىمىزدىن بىرىنى بىر كىشى مېھمانغا چاقىرغاندا شۇنداق دېگەن ئىكەن: ”تەكلىپىڭنى ئۈچ شەرت بىلەن قوبۇل قىلىمەن. بىرىنچىدىن، بازاردىن مەن ئۈچۈن ئەتەيلەپ نەرسە سېتىۋالمايسەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۆيۈڭدە بارنى يوشۇرماستىن ئالدىمغا قويىسەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئايالىڭ ۋە بالا ـ چاقىلىرىڭنىڭ ھەققىنى ماڭا يېدۈرمەيسەن“.

15. سورۇن ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز چاقىرىلمىغان ياكى ناتونۇش كىشىلەرنى سورۇنغا باشلاپ كەلمەسلىك لازىم. ئەگەر سورۇن ئىگىسى ئىشەنچلىك، سىنالغان كىشى بولسا، ئېلىپ كەلسە بولىدۇ. بولمىسا ”چاقىرىلمىغان يەرگە بارغان مېھمان سۆپۈرۈلمىگەن يەردە ئولتۇرۇر“ دېگەندەك ئىش بولۇپ قالىدۇ.

16. مېھماننى ھويلىنىڭ (سورۇننىڭ) سىرتىغىچە بىللە چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇش لازىم. بۇ ئىلگىرىكى ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى ھەم مېھماننى ھۆرمەتلەش جۈملىسىدىندۇر.

17. بەزى يېتەرسىزلىكلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ مېھماننى خۇشال ـ خۇرام قايتۇرۇشقا تىرىشىش لازىم. چۈنكى شۇ ئىش سەۋەبلىك بەندە كېچىسى ناماز ئوقۇپ كۈندۈزى روزا تۇتقۇچىنىڭ دەرىجىسىگە ئېرىشەلەيدۇ.

18. مېھمان ئۈچۈنمۇ ئارتۇق يوتقان ـ كۆرپىسى بولۇشى لازىم.

ئەزىز قېرىنداشلار! يۇقىرىقىلار مۇسۇلماننىڭ مېھماندارچىلىق ۋە سورۇندا ئولتۇرۇشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنىڭ بىر قىسمى، ھەربىر مۇسۇلمان ئەڭ كىچىك، ئىنچىكە ئىشلارغىمۇ سەل قارىماي ئۆزىمىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىمىزنى ئىسلام قائىدە ـ پرىنسىپلىرى ئاساسىدا قىلىپ، ساۋابقا، ئەجرگە ئېرىشىشكە تىرىشايلى! دىن ۋە سۈننەتتە بولمىغان ناچار ـ چاكىنا قائىدىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى قائىدە قوشۇپ، رىياكارلىق ۋە ئىسراپخورلار قاتارىغا قېتىلىپ گۇناھ ۋە جازاغا لايىق بولۇپ قالمايلى. ئاللاھ تائالا ھەممە ئىشلىرىمىزنى ئۆزى رازى بولىدىغان رەۋىشتە ئادا قىلىشىمىزغا نېسىپ قىلغاي. بىزنى رىيا ۋە شېرىك ئارىلىشىپ قېلىشتىن، قىيامەتتە ئەمەل دەپتىرى سول تەرەپتىن بېرىلىدىغانلاردىن قىلىپ قويۇشتىن ساقلىغاي. ئامىن!

(ئاپتور: قاغىلىق ناھىيىسىدىن، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىلجان ھاجى كېرىم)


## قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۆۋىلەرنى تەربىيىلىدى

2011 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىكى 8 يېزا 4 كوچا باشقارمىسىدىكى 300 نەپەردىن ئارتۇق بۆۋىلەرنى يىغىپ تەربىيىلىدى. بىر يېرىم كۈن داۋاملاشقان بۇ كۇرستا ”ئىسلام دىنى ئوتتۇرھال يول تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن“، ”ھالال ـ ھارام توغرىسىدا خالىغانچە ھۆكۈم قىلمايلى“، ”ئىسلام دىنىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنى“، ”ئىسلام دىنى ئىقتىسادچىللىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرىدۇ“ دېگەن تېمىلاردا دەرس ئۆتۈلدى. (نجات غوپۇر)

## قاراماي شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى

قاراماي شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2011 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ”ئۇلۇغ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش“ تېمىسىدا ۋەز سۆزلەش مۇسابىقىسى ئېلىپ باردى، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، شەھەرلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، ھەرقايسى رايونلۇق دىن ئىشلىرى كومىتېتلىرى، مەسچىتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئەت ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم ئاممىدىن بولۇپ، 100 گە يېقىن كىشى مۇسابىقىنى كۆردى. 11 نەپەر ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي زات ۋەز سۆزلەش، قىرائەت قىلىش ۋە نەق مەيداندا سوئالغا جاۋاب بېرىش شەكلى بويىچە مۇسابىقىلەشتى. ئاخىرىدا نەتىجىگە ئېرىشكۈچىلەر ئۈچ دەرىجە بويىچە مۇكاپاتلاندى. (قۇربانجان سۇلتان)

ئىسلام دىنى ۋە ئەدەپ-ئەخلاق



# گۈزەل ئەخلاقنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتى

شاكىر ئىلھام( تۆزبېك )

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

گۈزەل ئەخلاق پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بەكمۇ پايدىلىق بىر كامالەتتۇر. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنسان گۈزەل ئەخلاق ئارقىلىق ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئالى غايىگە ۋە ئەڭ گۈزەل مۇرات ـ مەقسەتكە ئېرىشىشكە نائىل بولالايدۇ. گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىمانى كامىل بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹**مۇئمىن كىشىلەردىن ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل بولغانلىرى ئۇلاردىن ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولغانلىرىدۇر**›› دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ‹‹كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئەڭ سەۋەب بولىدىغان نەرسە نېمە؟›› دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹**ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ۋە گۈزەل ئەخلاق**›› دېگەن. دېمەك، بۇ ھەدىس شەرىف روھىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، تەقۋادارلىق (ئاللاھتىن قورقۇش) بىلەن گۈزەل ئەخلاق بىر گەۋدە قىلىنغان، چۈنكى تەقۋادارلىق ئىنسان بىلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىدۇ، گۈزەل ئەخلاق بولسا ئىنسان بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق كىشىلەر بىر ـ بىرىگە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. بىر كىشىنىڭ ئىزگۈ ئەخلاقلىق بولۇشى سەۋەبىدىن ئومۇمي خەلق ئىستىپادە(پايدا) ئالىدۇ. گۈزەل ئەخلاقنىڭ پايدىسى ھەم دۇنيادا، ھەم ئاخىرەتتە، ھەم ئۆزى ئۈچۈن، ھەم باشقىلار ئۈچۈن بولىدۇ. بۇنىڭغا ئائىشە ئانىمىزدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس دەلىل بولالايدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ‹‹**گۈزەل ئەخلاقلىق كىشى شۇ گۈزەل ئەخلاقى سەۋەبىدىن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ ۋە كېچىلەردە ئىبادەت قىلغۇچىلار دەرىجىسىگە كۆتۈرىلىدۇ**››. شۇنىڭدەك مىللەتلەر گۈزەل ئەخلاقلىرى سەۋەبىدىن يۈكسىلىدۇ، ئەخلاقلىرى بۇزۇلۇشى يۈزىسىدىن قالاقلىشىدۇ، خارابلىشىدۇ، پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە دىن قاتارلىق ساھەلەردە ئارقىغا چېكىنىدۇ. ئەخلاقى گۈزەل بولغان مىللەتلەر شۈبھىسىزكى دۇنيادا ئۈستۈن ۋە

ئېتىبارلىق بولىدۇ.

تەربىيە ياخشى ئۇلگىگە تايانغاندىلا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ناچار ئادەم ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ياخشى ئۈلگە بولۇپ ياخشى تەسىر قالدۇرالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملىرى ئارىسىدا ئۆزى تەشۋىق قىلىۋاتقان ئەخلاقنىڭ بۈيۈك ئۈلگىسى ئىدى. ئۇ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتىن بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ ئېسىل ـ ئەخلاق پەزىلىتىنى ساھابىلىرى ئارىسىغا سىڭدۇرۇپ بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئىمان ئېيتقان ۋە ئېيتمىغان پۈتۈن ئىنسانلارغا رەھىم ـ شەپقەت، كەڭچىلىك، كەچۈرۈم، ئازادىلىك ۋە ھۆرلۈكنى تەشۋىق قىلغان ھەم ئۆز ئەمەلىيتى بىلەن تەتبىق قىلغان زاتتۇر. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى سۆيگەنلىكىدىن ھەمىشە ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىپ نىجاتلىققا ئېرىشىشىگە تىرىشاتتى ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق تىلەيتتى. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى دۈشمەنلىرىمۇ بىردەك سۆزلەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كىشىگە ئۇنىڭ ئەقلى ۋە سەۋىيىسىگە مۇناسىپ مۇئامىلە قىلاتتى. بالىلارنى ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. بالىلارنىڭ قىينىلىپ قېلىشىغا زادى چىداپ تۇرالمايتتى، ھەمىشە يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلايتتى، بەزىدە بالىلارنىڭ ئەقلىگە ماسلىشىپ ئۇلار بىلەن ئويۇن ئوينايتتى، بالىلارمۇ بۇ ئۈلگىلىك پەيغەمبەرنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ بەك سۆيەتتى ۋە ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى تىلەيتتى.

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ”ئى رەسۇلۇللاھ! سىز بالىلارنى سۆيىدىكەنسىز، مېنىڭ 10 بالام بار، ھازىرغىچە بىرىنىمۇ سۆيۈپ باقمىنىم يوق“ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تاش يۈرەكلىكىگە ئېچىنىپ: ”**كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلمىغانلارغا ئاللاھ رەھىم قىلمايدۇ**“ دېگەن(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مېڭىۋاتاتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىسىدا گىرۋەكلىرى قوپال تون چاپان بار ئىدى. ئۇنىڭغا بىر ئەئرابىي ئۇچراپ ئۇنى قاتتىق تارتتى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەدىنىگە قارىسام قاتتىق تارتقان سەۋەبىدىن تونىنىڭ ياقىسى ئۇنىڭ گەدىنىگە ئىز چىقىرىۋېتىپتۇ، ئەئرابىي: ‘ئى مۇھەممەد، ماڭا يېنىڭدىكى ئاللاھ مېلىدىن بۇيرۇپ بەر’ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قارىدى ۋە كۈلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا مال بېرىشكە بۇيرۇدى“(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**بىر بەندە گەرچە كۆپ ئىبادەت قىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئاخىرەتتە يۇقىرى دەرىجىگە ۋە ئېسىل ئورۇنغا ئېرىشىدۇ. گەرچە كۆپ ئىبادەت قىلغان بولسىمۇ يەنە ئۆزىنىڭ يامان ئەخلاقى بىلەن جەھەننەمدىكى ئەڭ پەس ئورۇنغىمۇ ئېرىشىدۇ**“(تەبرانى رىۋايەت قىلغان).

گۈزەل ئەخلاقنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى يەنە بىر ئاساسلىق رولى شۇكى، گۈزەل ئەخلاق جەننەتنىڭ يولىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**ئىنسانلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ كۆپى تەقۋادارلىق بىلەن ياخشى ئەخلاقتۇر**“ دەپ كۆرسەتكەن (تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان). ئەبۇ داۋۇدنىڭ بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاققا تەشەببۇس قىلىپ: ”**مەن ئەخلاقى گۈزەل بولغانلارنىڭ جەننەتتە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك قەسىرگە كىرىشكە كاپالەت قىلالايمەن**“ دەپ كۆرسەتكەن.

ئۇلۇغ ئىسلام ئالىمى مۇھەممەد غەززالى «مۇسۇلمانلار ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: ”ئىمان كىشىنى پەسلىكتىن ساقلىغۇچى ۋە ئۇلۇغلۇققا كۆرسەتكۈچى كۈچتۇر، ئۆزلىرىنى دىندارلاردىن سانايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بەزى ئىبادەتلەرنى ئورۇنداپ قويغىنى بىلەن تەلەپ قىلىنغان ئەخلاقى ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا سەل قارايدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىلغان ئىبادەتلىرىدىن پايدا ئالالمايدۇ“. ئۇستازنىڭ بۇ دۇردانە سۆزىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىنى، بىز ئۇستاز ئەمىر خالىدنىڭ مۇنۇ سۆزىدىن تاپالايمىز: ”جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەر باركى ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلە ئىشلىرىدا ناھايىتى راستچىل، دۇرۇس ۋە ئىشەنچلىك، سورۇندارچىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك، مېھماندوست، ئەدەپ ـ قائىدىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەمما ناماز ئوقۇمايدۇ. يەنە بەزى

كىشىلەر باركى، ئۇلار ئىبادەتلەرگە ناھايىتى ھېرىسمەن، قولىدىن تەسبىھ چۈشمەيدۇ، جامائەت نامىزىنى تەرك ئەتمەيدۇ، لېكىن ئەخلاقى ناچار، ئىسلام ئەخلاقىغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن بىرىنى ئالدايدۇ، يەنە بىرىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئازار قىلىدۇ. بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ھېچقايسىسى مۇسۇلماندارچىلىقتىن ئەمەس!». دېمەك، سۇ بىلەن ئوت بىرلىشەلمىگەندەك، تەلەپكە لايىق ئورۇندالغان ئىبادەت بىلەن يامان ئەخلاق بىرلىشەلمەيدۇ.

شۇنىڭدەك پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ باقمىغان، پۇتبول مەيدانىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى بىلمەيدىغان ۋە توپ تېپىش تەرتىپىنى بىلمەيدىغان بىر كىشىنى مۇسابىقە مەيدانىغا كىرگۈزۈپ قويسا، تېڭىرقاپ ئۆزى بىلگەنچە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تاماشىبىنلارنىڭ كۈلكىسىگە قالغاندەك، ئىسلام ئەدەپ ـ ئەخلاقى بىلەن ئۆزىنى ئىسلاھ قىلمىغان، دۇنيا ھاياتىدا ئۆزىنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن چېنىقتۇرمىغان، ھازىرقىدەك مەدەنىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان زاماندا، گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن زىننەتلەنمىگەن كىشى، كىشىلەر ئارىسىدا كۈلكىگە قالىدۇ.

قېرىنداشلار! بىز يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇ يەكۈنگە كېلەلەيمىزكى، ئىنسان تەبىئىتى دىنسىزلىق ۋە پاكى مەيلىگە قويۇۋېتىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىمان، گۈزەل ئەخلاق بىلەن ياخشىلانغاندەك، ئىنساننىڭ تېپىرلاپ تۇرغان ھېسسىياتىمۇ ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق توغرا قېلىپقا چۈشىدۇ. ئىنساننىڭ خاراكتېرى ۋە ھېسسىياتى پەقەت مۇستەھكەم پىشىپ يېتىلگەن ئەخلاق بىلەن توغرا يولغا چۈشىدۇ.

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا مۇنداق دەيدۇ: **“ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇنىڭغا(يوقسۇزلۇق ياكى كېسەللىك، يا قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا، زارلانغۇچىدۇر. بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر. پەقەت(تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق(يەنى زاكات) بېرىدۇ. ئۇلار قىيامەت كۈنىگە ئەستىق قىلىدىغانلاردۇر. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابىدىن قورققۇچىلاردۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابى(ئاللاھ ئەمىن قىلغاندىن باشقا ھېچبىر ئادەم ئۈچۈن) ئەمىن بولغىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر، ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى(ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر”**{سۈرە «مائارىج»(70 ـ سۈرە)، **19 — 29** ـ ئايەت}.

ھاسىل كالام: ئەخلاقنىڭ ئىنسان روھىيىتىدە بىراقلا شەكىللەنمەيدىغانلىقى ھەممىزگە ئايان، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە پىشىپ يېتىلىشى ئۈچۈن جەريان كېتىدۇ. مانا بۇ ناماز، زاكاتقا ئوخشاش ئەمەللەرنىڭ تەكرارلىنىدىغانلىقىنىڭ، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشقا تەكرار چاقىرىدىغانلىقىنىڭ سىرى.

ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ساغلام تەبىئىتىنى ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇنىڭغا مۇكەممەللىشىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تىزگىنسىز ھەۋەسلەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا چەكلىمە قويىدۇ. ئىسلام دىنى بۇيرۇغان تەبىئەتلەر ئىنسان تەبىئىتىنى قوللاش ۋە كۈچەيتىش، ھېسسىياتنى چېنىقتۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، غايەت زور ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ ئىبادەتلەر ئېسىل ئەخلاق ۋە ساغلام يولنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئاساسى بولالمىسا، ئۇنداقتا بۇ ئىبادەتلەر مۇكەممەل ئىجرا قىلىنىدىغان ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان بولىدۇ.

ئۇنداقتا ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى قانداق قىلغاندا ئادا قىلغان بولىمىز؟

بۇ ھەقتە: پەيغەمبىرىمىز بىزگە ئېلىپ كەلگەن شۇ ئۇلۇغۋار نۇرلۇق دەستۇرنى قېزىپ تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇ ھەقتە ئىزدىنىشىمىز، تەپەككۇر قىلىشىمىز، ھاياتىمىزغا تەتبىقلىشىمىز، تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئاخىرىدا يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇكى، ھەممىمىزگە مەلۇم: گۈزەل ئەخلاق ھەر قانداق بىر بەندىنىڭ ھاياتى دۇنيادا دائىم ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ۋەزىپىسىدۇر!

(ئاپتور: غۇلجا شەھىرى سامان كوچا مەسچىت ئىمامى؛ تەھرىرلىگۈچى: ھاجى بارات رەجەپ)



# ئىمام ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلىرى

ئىمامنىياز ھاجىم

## 1. ھاياتى

ئەبۇ يۇسۇفنىڭ تولۇق ئىسمى يەئقۇب ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ھەبىب سەئەد ئەلكۇفى. ئۇ، ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ غوللۇق شاگىرتى، فىقھەشۇناس ۋە ئىسلامىيەتتىكى تۇنجى قازىيقۇزات(قازىكالان)تۇر.

ئەبۇ يۇسۇف ھىجرىيە 113 ـ يىلى، مىلادىيە 731 ـ يىلى كۇفە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنى ھ93\م711 ـ يىلى تۇغۇلغان دېگەن قاراشلارمۇ مەۋجۇت. «تەبەقات»(تەرجىمھال) كىتابىدا ئەبۇ يۇسۇفنىڭ 69 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ كىتابتىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇنى ھ93/م711 ـ يىلى تۇغۇلغان دېگەن قاراش يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپاتقا ئىگە ئەمەس.

رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغىنىمىزدا ئەبۇ يۇسۇفنىڭ بۇۋىسى سەئەد ئىبنى بۇجەير ساھابىلەردىن بولۇپ، ياش ۋاقتىدا خەندەك ئۇرۇشىغا قاتناشقان ۋە بۇ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ۋە ئەۋلادلىرىغا دۇئا قىلغان. سەئەد كېيىن كۇفە شەھرىگە كۆچۈپ كەلگەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغان كۇفە شەھرى بىر قىسىم ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ ئەينى زاماندا بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشى ۋە بۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، ئىلىم ـ ئىرپان مەركىزىگە ئايلانغانىدى. كۇفە شەھرى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە باشچىلىق نۇرغۇن ئالىملارنىڭ ئىلمىي تۆھپىلىرى ۋە تىرىشىشى نەتىجىسىدە ئابباسىيلار دەۋرىدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان. ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ئىلمىي ساھەدە پىشىپ يېتىلىشىنى ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە ئىلمىي غايىسىدىن باشقا، يەنە كۇفە شەھرىنىڭ يۇقىرىقىدەك قويۇق ئىلمىي مۇھىتىدىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئەبۇ يۇسۇف كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەچكە، ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ئىچىدە ئۆتكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىلچە بوشاشماستىن ئىلىم تەھسىل قىلىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن. ئائىلىسى ئۇنىڭ بىرەر كەسىپ ئۆگىنىمەي، داۋاملىق ئوقۇشىغا نارازى ئىدى. بىر قېتىم ئەبۇ يۇسۇف دەرستىن يېنىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئانىسىدىن يەيدىغان نەرسە سورىغاندا، ئانىسى

موسۇلمان ئالىملار

يۈگەلگەن بىر داستىخاننى ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ئالدىغا قويغان. ئەبۇ يۇسۇف داستىخاننى ئېچىپ، داستىخان ئىچىدە بىر پارچە كىتابنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. ئۇ ئانىسىدىن بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، ئانىسى: ”كۈندۈزى نېمە تېپىش بىلەن ئالدىراش ئۆتكەن بولساڭ، كەچ بولغاندا شۇ تاپقىنىڭنى يەيسەن“ دەپ جاۋاب بەرگەن. بىر قىسىم مەنبەلەرگە ئاساسلانغىنىمىزدا، ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە بۇ زېرەك، ئەقىللىق شاگىرتىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلغان.

ئەبۇ يۇسۇف كۇفەدە نۇرغۇن ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭ فىقھە ئىلمىدىكى ئەڭ چوڭ ئۇستازى ئەبۇ ھەنىفە، ھەدىس ئىلمىدىكى ئەڭ چوڭ ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبنى ئابدۇرراھماندۇر. ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ئىلمى ساھەدە يېتىشىپ چىقىشىدا بۇ ئىككى ئۇلىمادىن باشقا، يەنە ئىبنى ئەبۇ لەيلا، ئەبۇ ئىسھاق ئەش-شەيبانى، سۇلايمان ئەت-تەممىي، ئەئمەش، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، مۇھەممەد ئىبنى يەسار، ھەسەن ئىبنى دىنار ۋە ئىسمائىل ئىبنى ئۇمەييەگە ئوخشاش نۇرغۇن ئالىملار تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشقان.

ئەبۇ يۇسۇف ئۆز زامانىدىكى مائارىپ ئۇسۇلى بويىچە، دەسلەپ ئاساسى ئىسلام بىلىملىرى، ھەدىس ئۆگەنگەندىن كېيىن، فىقھە ئۆگىنىشكە كىرىشكەن ۋە بۇ مەقسەتتە ئىبنى ئەبۇ لەيلانىڭ دەرسلىرىگە قاتناشقان. ئەبۇ لەيلادىن 9 يىل قەزا(دەۋا-دەستۇر ئىلمى) ۋە فىقھە ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دەرسلىرىگە قاتناشقان. ئەبۇ ھەنىفە ۋاپات بولغۇچە 17 يىل ئۇنىڭدا ئوقۇغان. ئارىلىقتا پەقەت بىر ئايلا ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دەرسلىرىگە قاتناشماي، ئىبنى ئىسھاقتا مەغازى ئىلمىنى ئوقۇۋالغان. ئۇ، ھەدىس ئىلمىنى ئۆگىنىشنىمۇ توختاتمىغان بولۇپ، پۇرسەت تاپسىلا، ھەدىس دەرسى سورۇنلىرىغا بېرىپ ھەدىس ئاڭلىغان ۋە بۇ يەردە ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ فىقھە دەرس سورۇنىدا مۇزاكىرە قىلغان. ئەبۇ يۇسۇف ھەدىس دەرسلىرىگە قاتنىشىش جەريانىدا، ھەججاج ئىبنى ئەرتاتقا ئوخشاش ھەدىسشۇناسلار بىلەن تونۇشقان. ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتى ھەدىسشۇناسلار تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. شۇنداقلا فىقھە ئىلمى ساھەسىدىلا ئەمەس، يەنە ھەدىس ئىلمى ساھەسىدىمۇ چوڭقۇرلاشقان ۋە رەي ئەھلى ئىچىدىكى ”ھەدىسى ئېلىنسا بولىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك كىشى“ دەپ تەرىپلەنگەن.

ئەبۇ يۇسۇف ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە ھ150/م767-يىلى ۋاپات بولۇپ، 15 يىلدىن كېيىن قازىيلىق قىلىشقا باشلىغان. تارىخىي مەنبەلەردە ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ئۇستازىدىن كېيىن قازىلىق قىلغۇچە بولغان 15 يىل جەريانىدا قانداق ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار يوق دېيەرلىك. شۇنداقلا ئۇنىڭ كۇفە جامەسىدە شەخسىي دەرس سورۇنى ئاچقان ياكى ئاچمىغانلىقى، قازىلىققا تەيىنلەنگۈچە بولغان ئارىلىقتا تۇرمۇشنى قانداق قامداپ كەلگەنلىكى قاتارلىق خۇسۇسلاردىمۇ ھېچقانداق ئۇچۇر بېرىلمىگەن.

ئەبۇ يۇسۇف تۇرمۇش قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئابباسىي خەلىپىسى مەھدىي بىللاھ دەۋرىدە(مىلادىيە 775—785-يىللىرى) ئائىلىسى بىلەن بىللە باغداتقا كېلىپ ماكانلاشقان. بۇ جەرياندا خەلىپە بىلەن تونۇشقان ۋە بىر قىسىم مەنبەلەردە بايان قىلىنغىنىدەك، ھ166/م782-يىلى قازىلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن. جۇرجانغا ۋالىي بولۇپ ئەۋەتىلگەن ۋەلىئەھد مۇسا ئەلھادى ئەبۇ يۇسۇفنى ئۆزى بىلەن بىللە جۇرجانغا ئېلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ قازىلىق ئورنىغا ئوغلى يۇسۇف ئولتۇرغان. خەلىپە مەھدى ۋاپات بولغاندىن كېيىن جۇرجان ۋالىيسى مۇسا ئەلھادى تەختكە چىققان. ئەبۇ يۇسۇفمۇ بۇ يېڭى خەلىپە بىلەن بىللە باغداتقا قايتىپ كەلگەن ۋە قازىلىق ۋەزىپىسىنى يەنە داۋاملاشتۇرغان. خەلىپە ھارۇن رەشىد تەختكە چىققاندىن كېيىن ئەبۇ يۇسۇفنى قازىلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرمىغان. ھارۇن رەشىد زامانىدا(مىلادىيە 786—809-يىللىرى) قازىيقۇزاتلىق(قازىكالان) ئورگىنى تەسىس قىلىنىپ ھۆكۈم چىقىرىش، سوتلاش ۋە سوت ئىجرا قىلىش ئىشلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشىدە ئەھمىيەتلىك بىر قەدەم بېسىلغان. ئەبۇ يۇسۇف قازىكالانلىققا تەيىنلەنگەن ۋە ئىسلامىيەتتىكى تۇنجى قازىيقۇزات بولۇپ قالغان. ئۇ ئابباسىي خەلىپىلىكىگە تەۋە پۈتۈن رايونلارغا قازى بەلگىلەش ۋە قازىلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ”قازىيقۇزاتى دۇنيا(دۇنيانىڭ قازىكالانى)“ دېگەن نام بىلەنمۇ

ئاتالغان. مەقرىزىينىڭ بايان قىلىشىچە، ئەبۇ يۇسۇف قازىيقۇزاتلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىراق، خۇراسان، شام ۋە مىسىر قاتارلىق رايونلاردا ئۇنىڭ تەستىقىسىز قازى تەيىن قىلىنمىغان. ئەبۇ يۇسۇف ھىجرىيە 182 - يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل(مىلادىيە 798 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى) 69 يېشىدا باغداتتا ۋاپات بولغان. ۋاپات بولغۇچە باش قازىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن. ئەبۇ يۇسۇفنىڭ جىنازا نامىزىنى ھارۇن رەشىد ئوقۇغان ۋە جىنازىنى باشلاپ ئۆزىنىڭ ئائىلە قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىپ، شۇ يەردە يەرلىكىگە قويغان. قەبرىسى باغدات شەھىرىنىڭ كازىمىيە رايونىدىكى كازىم قەبرىستانلىقىغا تۇتاش سېلىنغان، ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتالغان مەسچىتنىڭ يېنىدا قويۇلغان.

## 2.ئىلمى قابىلىيىتى ۋە ئەخلاق - پەزىلىتى

مەيلى ھازىرقى زامان ئالىملىرى بولسۇن ياكى كېيىنكى زامان ئالىملىرى بولسۇن، ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ئىلمى قابىلىيىتى ۋە ئەخلاق پەزىلىتىنى مەدھىيىلەپ تىلغا ئېلىشىدۇ. ئەبۇ يۇسۇف تاشقى قىياپەت جەھەتتىن جۇغى كىچىكرەك كەلگەن كىشى بولۇپ، بەززازىينىڭ نەقىل قىلىشىچە، قاسىم ئىبنى زەيبەك ئەبۇ يۇسۇفنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ، شۇنداق دېگەنىكەن: ”ئاللاھ ئىلمىنى بىرەر قۇشنىڭ تېنىگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىرادە قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلغان بولاتتى“. ئەبۇ يۇسۇف زېرەك ئادەم بولۇپ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئىنتايىن ياخشى ئىدى. ئۇ، 50 - 60 ھەدىسنى بىر قېتىم ئاڭلاپلا، ئۆز ئەينى يادىغا ئوقۇپ بېرەلەيتتى. ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان ھەسەن ئىبنى زىياد ئەل - لۇئلۇئىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئەبۇ يۇسۇف بىر قېتىملىق ھەج سەپىرىدە ئاغرىپ قالىدۇ، ئۇ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەدىن ئاڭلىغان قىرىق ھەدىسنى ياشىنىپ قالغانلىقىغا ۋە سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولماسلىقىغا قارىماي يادلىۋالغان ۋە كېيىن ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە يازدۇرۇپ خاتىرە قالدۇرغان.

ئەبۇ يۇسۇف ئۆزىنىڭ ئىلمى قابىلىيىتى بىلەن تونۇلۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆزىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، سېخىيلىقى ۋە مەردلىكى بىلەنمۇ تونۇلغان زات ئىدى.

ئۇ نامراتلىق ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولۇپ، كەمبەغەل - يوقسۇللارغا ياردەم قولىنى سۇناتتى. ئۇستازى ۋە يۆلەنچۈكى بولغان ئەبۇ ھەنىفەگە ياخشى دۇئا - تىلەكلىرىنى ئۇزۇپ قويمىغانىدى. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى مەككە، مەدىنە، كۇفە ۋە باغدات شەھىرىنىڭ ھەربىرىگە 100 دىناردىن تارقىتىشنى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرغان.

ئەبۇ يۇسۇف خەلىپە ۋە ئوردىدىكى ئەمەلدارلار ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار ئۇنىڭغا ”ھاكىمىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ پەتىۋا بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھازىرقىدەك يۇقىرى ماقاملارغا چىقالىغان“ دېگەنگە ئوخشاش تۆھمەتلەرنى چاپلىغان. ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ھارۇن رەشىدكە قىلغان تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئۇنىڭغا چاپلانغان بۇ تۆھمەتلەرنى ئىنكار قىلىشقا يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ: ”بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما!....ئاللاھ تەرەپتىن ساڭا بېرىلگەن بۇ خەلىپىلىك ۋەزىپەڭنى ھەر ۋاقىت جايىدا ئورۇندا. قىيامەت كۈنى ئەمەلدارلارنىڭ ئەڭ بەختلىكى خەلقنى بەختلىك قىلغان ئەمەلداردۇر. سەن توغرا يولدىن ئاداشمىساڭ خەلقىڭمۇ ئاداشمايدۇ. نەپسىڭنىڭ ۋە ئاچچىقىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ ئىنتىقام ئېلىشتىن يىراق تۇرغىن...“

ئەبۇ يۇسۇف ئىلىم ۋە ئىلىم ئىگىسىنىڭ مەرتىۋىسىنى كىشىلەرگە نامايان قىلىش ئۈچۈن ئەڭ كۆركەم يەردە ئولتۇراتتى. كىيىم - كېچەكنىڭ ئەڭ چىرايلىقىنى كىيەتتى. ھەر خىل قىممەتلىك زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن بېزەلگەن ئاتقا مىنەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا قارشى چىققۇچىلارغا قارىتا، ئۇ: ”بىر تىككۈچى بالىسىنىڭ ئىلمىي ساھەدە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ھەممە كىشىنىڭ كۆرۈشىنى ۋە بۇنى بىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن“ دەپ رەددىيە بەرگەن. قانۇن - ھۆكۈم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ، خەلق ئارىسىدا ئالاھىدە ئورۇندا كۆرۈنىشى ۋە ئۆزلىرىگە لايىق ھۆرمەتكە نائىل بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا قارا سەللە ۋە تون قاتارلىق مەخسۇس كىيىم كىيىشنى بېكىتكەن. ھارۇن رەشىدتىن ئەبۇ يۇسۇفنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: ”ئەبۇ يۇسۇفنى ئىلمىدىكى مۇكەممەللىكى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى،

مەزھەپتىكى تەۋرەنمەسلىكى ۋە دىندىكى تەقۋادارلىقى سەۋەبىدىن شۇنچە ئەتىۋارلاپ ھۆرمەتلەيمەن" دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەبۇ يۇسۇف بۇ ئالاھىدىلىكلىرى سەۋەبىدىن خەلىپىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان، خەلىپە بىلەن بىللە نۇرغۇن سەپەرگە چىققان، بىر قانچە قېتىم خەلىپە بىلەن بىللە ھەجگىمۇ بارغان.

ئەبۇ يۇسۇفنىڭ دەرس ۋە ئىلمىي سورۇنلىرىغا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار قاتناشقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن فىقھە ئۆگەنگەن ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلىش شەكلى ئارقىلىق ئىلىم تەھسىل قىلغان، كۆزگە كۆرۈنگەن ئوقۇغۇچىلىرىدىن: ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئەش-شەيبانى، بىشر ئىبنى ۋەلىد ئەل كىندى، بىشر ئىبنى غىياس، يەھيا ئىبنى مەئىين، ھىلال ئىبنى يەھيا ئەل-رەئيى، جەئفەر ئىبنى يەھيا ئەل-بەرمەكىي، ھەسەن ئىبنى زىياد ئەل-لۇئلۇئى، ئەسەد ئىبنى فۇرات ۋە يەھيا ئىبنى ئادەم قاتارلىقلار بار.

ئەبۇ يۇسۇف فىقھە ۋە ھەدىس ساھەسىدىلا ئەمەس، يەنە تەپسىر، سىيرەت، مەغازىي ۋە ئەرەب تەزكىرىچىلىكى ساھەسىدىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىمى ئىدى. زامانداشلىرى ئۇنىڭ بۇ ساھەلەردىكى بىلىمگە يۇقىرى باھا بەرگەنىدى.

### 3. ئىجتىھات(يېڭى ھۆكۈم تۇرغۇزۇش)تىكى مېتودى ۋە فىقھە ساھەسىدىكى ئورنى

ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ئىجتىھاتتىكى مېتودىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ مۇتلەق مۇجتەھىد قاتارىغا كىرىدىغان ياكى كىرمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىختىلاپلارغا قاراپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئىبنى كەمال ۋە ئىبنى ئابىدىنغا ئوخشاش بىر قىسىم ئالىملار ئەبۇ يۇسۇفنىڭ مۇتلەق مۇجتەھىد ھېسابلانماستىن، پەقەت مەزھەپ مۇجتەھىدى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. سەرەخسى، ئىبنى ھەزم، شەھابىددىن ئەل مەرجانى ۋە يېقىنقى زامان ئالىملىرىدىن ئەلى ئەل-خەفىف، مۇھەممەد ئەبۇ زەھرە، زاھىد كەۋسەرى قاتارلىقلار ئەكسىچە ئەبۇ يۇسۇفنى مۇتلەق مۇجتەھىد دەپ قارىغان.

ئەبۇ يۇسۇف ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەگە پەقەت فۇرۇئ(تارماق) مەسىلىلەردىلا ئەمەس، يەنە ئۇسۇلغا(يەنى شەرىئەت قانۇنچىلىقىدىكى پرىنسىپال نەزەرىيەلەرگە) ئالاقىدار مەسىلىلەردىمۇ قارشى پىكىردە بولغان. مەلۇم بىر مەسىلىدە نوقۇل تەقلىدچىلىك يولىنى تۇتماستىن، بەلكى تەتقىقات يولىنى تۇتقان. ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ئوخشاش قاراشلىرىمۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشىمايدىغان قاراشلىرىمۇ تەقلىدچىلىكتىن خالىي بولۇپ، ئۇنىڭدا دەلىل-ئىسپاتقا تايانغان.

ئەگەر بىز ئىجتىھاتنى، ھەر دەۋردىكى يېڭى مەسىلىلەرگە شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىش، يەنى قۇرئان كەرىم، ھەدىس ۋە ئىجمائ-قىياس ئۇسۇللىرىنى پىششىق بىلىش دەپ قارىساق، ئۇنداقتا ئەبۇ يۇسۇفنى شەرتسىز ھالدا مۇتلەق مۇجتەھىد دېيەلەيمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئەينى زاماندا كۇفە شەھىرىدە ئەبۇ ھەنىفە باشچىلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان فىقھە ئەنجۇمەنىنىڭ ئەزاسى بولغان بولۇپ، بۇ ھەيئەت ئىچىدە 17 يىل پائال خىزمەت قىلىپ كەلگەن. ئەبۇ يۇسۇفنىڭ مۇتلەق مۇجتەھىد سانىلىدىغانلىقىغا ئۇستازىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى كۇپايە: "ئەبۇ يۇسۇف يەر يۈزىدىكى ئەڭ بىلىملىك كىشىدۇر".

ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ئىجتىھات ئۇسۇلىنى بىرەر كىتابتا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ھەر خىل تارىخى مەنبەلەردە ئىسلامىيەتتىكى فىقھە ئۇسۇلى توغرىسىدىكى تۇنجى كىتابنى ئەبۇ يۇسۇفنىڭ يازغانلىقى بايان قىلىنسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە بۇنداق بىر كىتابنى ئۇچرىتىپ باقمىدۇق. شۇڭا ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ئىجتىھات ئۇسۇلىنى ئۇنىڭ بىر قىسىم پەتىۋالىرى ۋە سۆزلىرىدىن چىقىرىش مۇمكىن. تارىخى مەنبەلەردە ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە مۇنداق دۇئا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان: "ئى ئاللاھ! سەن ئوبدان بىلىسەن، ئالدىمغا كەلگەن ھەربىر مەسىلىنىڭ ھۆكۈمى ئۈچۈن ئاۋۋال سېنىڭ كىتابىڭغا مۇراجىئەت قىلدىم. ئۇنىڭدىن بىرەر چىقىش يولى تاپالىسام شۇنى ئالدىم. ئەگەر تاپالمىسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە مۇراجىئەت قىلدىم. ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ بىر چىقىش يولى تاپالمىسام ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرىگە مۇراجىئەت قىلدىم". بۇنىڭدىن ئىجتىھاتتا ئەڭ كۆپ قىياسقا تايىنىدىغان بۇ رەئي ئالىمىنىڭ ئىجتىھات ئۇسۇلىدا ساھابە سۆزىنى

قىياسنىڭ ئۈستىگە قويىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئەبۇ يۇسۇف ساھابە سۆزلىرىگە تايىنىپ قىياس بىلەن چىقىرىلغان نۇرغۇن ھۆكۈملەرنى بىكار قىلىۋەتكەن. ئەبۇ يۇسۇفنىڭ پەتىۋالىرىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئىجمائ، قىياس، ئىستىھسان ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق ئاساسى ۋە تارماق دەلىللەرنىمۇ ئوخشىمايدىغان رەت ـ تەرتىپ ۋە ئۇسۇل ئىچىدە ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەبۇ يۇسۇف رەي ئېقىمىدىكى فىقھەشۇناس، شۇنداقلا ھەدىس ئىلمى ساھەسىدىكى مۆتىۋەر زاتتۇر. مەنبەلەردە ئۇنىڭ ھەر دائىم ھەدىستىن پايدىلىنىدىغانلىقى ۋە قىياسنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇزۇن مۇددەت سىياسىي تۈزۈلمىگە تەۋە دەۋا ـ دەستۇر ئورنىدا خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە قىياسنى ئەمەس، ئىستىھساننى(مەنپەئەت ئومۇمىيلىقى)نى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ھۆكۈم چىقارغان. مانا بۇ خىل ئەھۋال، ئەبۇ يۇسۇفنىڭ "زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ھۆكۈملەرنىڭمۇ ئۆزگىرىدىغانلىقى" دىن ئىبارەت ئومۇمىي فىقھە پرىنسىپى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قىسقىسى، ئەبۇ يۇسۇف بارلىق ھۆكۈم چىقىرىش ئىشلىرىدا قۇرئان ـ ھەدىسكە مۇستەھكەم ئېسىلىدىغان ئالىم. شۇنداقلا شەرىئەتنىڭ مەقسىتى ۋە ھېكمىتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەن فەقىھدۇر.

ئەبۇ يۇسۇفنىڭ فىقھە ساھەسىدىكى ئورنىغا كەلسەك، ئەبۇ يۇسۇف دەسلەپ ئەبۇ لەيلادا، كېيىن ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەدە ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئەبۇ ھەنىفەنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان. ئۇ ھېچبىر زامان تەقلىدچىلىك قىلمىغان، ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ۋاز كەچمىگەن. ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرغان. ھاياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ خىل ئىختىلاپ تېخىمۇ كۆپەيگەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۇستازى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى نورمال داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇ ئەبۇ ھەنىفە بىلەن بىرەر مەسىلە ئۈستىدە پىكرى بىر يەردىن چىققاندا، كۆڭلىنىڭ يورۇپ كېتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇستازىغا بولغان ھۆرمىتى، ئۇنىڭ ھۆكۈم ئىشلىرىدىكى ئۆزىگە خاس يولىغا توسالغۇ بولمىغان.

ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ھەدىس ئالىملىرى بىلەن داۋاملىق ھەمسۆھبەتتە بولۇشى، ئۇلاردىن ھەدىس ئۆگىنىشى، ئەبۇ ھەنىفە زامانىدا ئىشەنچلىكلىكى بېكىتىلمىگەن نۇرغۇن ھەدىسلەرنىڭ ئەبۇ يۇسۇف زامانىغا كەلگەندە ئىشەنچلىك بولۇپ بېكىتىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر ئەبۇ يۇسۇفكە مەسىلىلەرگە ئۇستازى ئەبۇ ھەنىفەگە ئوخشىمايدىغان نۇقتىدا تۇرۇپ قارايدىغان شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. ئەبۇ يۇسۇف ھەدىس ئۆگىنىشنى فىقھەدىن بۇرۇن باشلىغان. ھەدىسلەرنى ئەستە تۇتۇش ۋە ھەدىسلەرنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ھەر خىل مەنىلىرىنى ئېگىلەشتە قىينالمىغان. شۇ سەۋەبتىن رەي ئالىملىرى ئىچىدىكى ھەدىسكە ئەڭ چىڭ يېپىشقان ئالىمنىڭ ئەبۇ يۇسۇف ئىكەنلىكى مەشھۇردۇر. ئەبۇ يۇسۇف ئەبۇ ھەنىفەدىن ئۆگەنگەن بىلىمگىلا قانائەت قىلىپ ئولتۇرماستىن، يەنە مەدىنىگە بېرىپ ئىمام مالىك بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇنىڭدىن ھەدىس ۋە فىقھە ئۆگەنگەن. بۇ جەرياندا ئۇ ئىمام مالىكنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ ئۇستازى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىغان ۋە بۇ ئىككى ئۇسلۇبنى بىرلەشتۈرگەن. ئىراققا قايتقاندىن كېيىن مەدىنىدىكى ئەسەر(ھەدىس) ئېقىمى بىلەن ئىراقتىكى رەي(ئەقىل ئېقىمىنى يېقىنلاشتۇرغان.

ئەبۇ يۇسۇفنىڭ بىر قىسىم مەسىلىلەردە ئەبۇ ھەنىفە بىلەن پىكىر ئىختىلاپى يۈز بېرىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئەبۇ يۇسۇفنىڭ دەسلەپ قازى كېيىن قازىيقۇزاتلىق مەنسىپىگە تەيىنلەنگەنلىكىدىندۇر. بۇ مەنسەپلەر ئەبۇ يۇسۇفنى ھۆكۈم ئىشلىرىدا نۇرغۇن تەجرىبە ۋە مول بىلىمگە ئىگە قىلغان. نەزەرىيە ھالىتىدىكى ھۆكۈملەرنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئىمكانىيىتى ھازىرلاپ بەرگەن. ئەبۇ يۇسۇف قازىيقۇزات بولۇش سۈپىتى بىلەن، قازىلارنى ۋەزىپىگە قويۇش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئۇ ئادەتتە كۆپرەك ھەنەفىي مەزھىپىگە مەنسۇپ قازىلارغا مەنسەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، خەلق ئارىسىدا ھەنەفىي مەزھىپىگە بولغان قىزىقىش ئېشىپ بارغان. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ كەڭ تارقىلىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئەبۇ يۇسۇفنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## 4. ئەسەرلىرى

ئەبۇ يۇسۇف ھەنەفىي مەزھىپىدە ئەسەر يازغان تۇنجى كىشى ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ نۇرغۇن كىتاب يازغانلىقى قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى ناھايىتى ئاز. بىر قىسىم مەنبەلەردە ئەبۇ يۇسۇفكە نىسبەت بېرىلگەن ئىككى كىتاب مەۋجۇتتۇر. بىرى «ئەدەبۇل-قازىي»، يەنە بىرى «كىتابۇل-مەخارىج».

ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى تۆت بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. كتاب الخراج (كىتابۇلخاراج-ئىقتىسادىي مەنبەلەر). بۇ ئىسلام فىقھە تارىخىدا ئىقتىساد ساھەسىدە يېزىلغان تۇنجى ۋە ئەڭ مۇھىم كىتاب بولۇپ، ئۇنى بۇ ساھەدە كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن تۇنجى كىتاب دېسەكمۇ بولىدۇ. كىتابتا دۆلەتنىڭ پۇل-مۇئامىلە ۋە مالىيە مەنبەلىرى تىلغا ئېلىنغان. كىتابتا دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئورۇن بېرىلىش بىلەن بىرگە، يەنە فىقھە، ھەدىس، ھېساب، ھەق-ھوقۇق، جەمئىيەت، ئەدەبىيات ۋە جۇغراپىيە قاتارلىق تېمىلارغىمۇ ئورۇن بېرىلگەن.

2. اختلاف أبي حنيفة وابن أبي ليلى (ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ئەبۇ لەيلانىڭ ئوخشىمايدىغان قاراشلىرى). ئەبۇ يۇسۇف بۇ كىتابتا ئىككى ئۇستازىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل قاراشلىرىنى بىر يەرگە توپلىغان ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئالىملارنىڭ ھەرخىل مەسىلىلەردىكى چوڭقۇر تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. كىتابنى ئەبۇ يۇسۇفتىن مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئەش-شەيبانى رىۋايەت قىلىپ تارقاتقان.

3. الرد على سير الأوزاعي (ئەۋزائىينىڭ سىيرەتىگە رەددىيە). ئەبۇ ھەنىفە ئىمام مۇھەممەتكە ئىملا(ئاغزاكى بايان) يولى ئارقىلىق سىيرەت ھەققىدە بىر كىتاب يازدۇرغان. بۇ كىتابتىكى قاراشلار ئەۋزائىي تەرىپىدىن يېزىلغان «سىيرەتۇ ئەۋزائىي» ناملىق كىتابتا تەنقىد قىلىنغان. ئەبۇ يۇسۇف ئەۋزائىينىڭ بۇ سىيرەتىدىكى قاراشلارنى تەنقىدلەش ئۈچۈن «ئەۋزائىينىڭ سىيرەتىگە رەددىيە» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان.

4. كتاب الآثار (ئەسەرلەر). بۇ كىتاب ئەبۇ ھەنىفەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر قىسىم ھەدىس ۋە فىقھە قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب بولۇپ، ئۇ ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مۇسنەدى ھېسابلىنىدۇ. كىتابتا تاھارەت، غۇسلى، جۇنۇپلۇق، ئىددەت قاتارلىق فىقھى مەسىلىلەر بايان قىلىنغان. ئەسەرگە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ پەتىۋا ۋە ھۆكۈم ئىشلىرىدا تايانغان ھەدىسلىرى ۋە كۇفە، ئىراقلىق تابىئىن فىقھە ئالىملىرىنىڭ پەتىۋالىرى توپلانغان.

(ئاپتور: خوتەن شەھىرى ناۋاغ مەسچىت ھەيئىتى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىلجان ھاجى كېرىم)


---

(بېشى 51-بەتتە) مۇناسىپ ۋاقىت، مۇۋاپىق ئورۇن تاللاپ، ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە، ئىلمىي ئۇسۇلدا مەسىلىنىڭ توغرا تەرىپىنى ھېكمەتلىك ئىبارە ۋە ئىلمىي يول بىلەن چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "**پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا(يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار(يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ**"{سۈرە«نەھل»(16-سۈرە)، 125-ئايەت}.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن بىز چوقۇم ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشنىڭ دىندىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتىنى توغرا تونۇپ يېتىپ، جامائەتنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇپ، تىنچ، ئىناق بولغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

ئاخىردا ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىدىغان، سەۋرنى تەۋسىيە قىلىدىغان تەقۋادار، سالىھ كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن! ئارىمىزغا ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ئۇرۇقىنى چېچىپ، بىر-بىرىمىزگە مېھرىبان، كۆيۈمچان بولىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن! ئامىن!

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونىدىن، ئىمام-خاتىپ؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىلجان ھاجى كېرىم)



# ئىسلام ئەللىرىدىن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلار

ئىلھام مۇھەممەد

## 1988 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى ــ نەجىب مەھفۇز

1988 ـ يىلى ئۆكتەبىردە شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيەسى باياناتت ئېلان قىلىپ، مىسىر يازغۇچىسى نەجىب مەھفۇزنىڭ «ئەسەرلىرىدە مىسىر جەمئىيىتىدىكى مول، يارقىن رېئال تۇرمۇش ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقى، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجادىيەت ھاياتىدا ئەرەب ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئەرەب تىل ـ ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان»لىقى ئۈچۈن، 1988 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىنى جاكارلىدى. نەجىب مەھفۇز 1901 ـ يىلى نوبېل مۇكاپاتى تارقىتىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان ئىسلام ئەللىرىدىن تۇنجى بولۇپ، شەرق ئەللىرى بويىچە ھىندىستانلىق تاگور(1861—1941)، ياپونىيەلىك كاۋاباتا ياسۇنارى(1899—1972)دىن كېيىن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىدۇر. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىدا نەجىب مەھفۇز "ھەقىقەت ئۆلمەيدۇ" ناملىق نۇتۇق سۆزلىگەن. مىسىر ھۆكۈمىتى 1 ـ نويابىرنى مەملىكەت بويىچە تەبرىكلەش كۈنى قىلىپ بېكىتكەن.

«ئەرەب پىروزا تارىخىدىكى ئەل ئېھرام» دەپ تەرىپلەنگەن نەجىب مەھفۇز 1911 ـ يىلى قاھىرەدىكى ئەڭ قەدىمىي رايونلارنىڭ بىرى جامالىيەدە تۇغۇلغان. دادىسى ئاددىي خىزمەتچى بولۇپ، ئۇششاق تىجارەت قىلاتتى. ئۇ 6 يېشىدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئابباسىيە رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن. نەجىب مەھفۇز شۇ يەردە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇغاندىن كېيىن، 15 يېشىدا قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى پەلسەپە فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1934 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مىسىر دىنىي ئىشلار فوندى مىنىستىرلىقى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىدە خىزمەت قىلغان. 1971 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، «ئەلئېھرام گېزىتى»نىڭ تەكلىپى بىلەن مەخسۇس ئىستون يازغۇچىسى بولغان. 1968 ـ يىلى مىسىر دۆلەتلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا، 1984 ـ يىلى 10 ـ نۆۋەتلىك «تاھا ھۈسەيىن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوردېنغا ئېرىشكەن.

نەجىب مەھفۇز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاساسەن شېئىر ۋە نەسرلەرنى يازغان. 1938 ـ يىلى تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمى «سەۋدايىنىڭ پىچىرلاشلىرى» ئېلان قىلىنغان. 10 يىلغىچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ھېچكىم باھا بەرمەي، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، قىلچە مەيۇسلەنمەي ئۇن ـ

تىنسىز ھالىدا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت نىشانى ئۈستىدە قەيسەرلىك بىلەن ئىزدەنگەنلىكتىن «سەۋرچان ئادەم» دەپ نام ئالغان. نەجىب مەھفۇزنىڭ ئەسەرلىرىنى مەزمۇن ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: 1-باسقۇچ(30~ 40-يىللارغىچە) قەدىمكى ئەسەرلەر ئىجادىيتى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا «ئاخىرقى ۋەسىيەت»(1939)، «پىرئەۋن ۋە داڭلىق پاھىشە»(1943-يىلى)، «تايىبە غازىتى»(1944-يىلى) قاتارلىق 3 پارچە تارىخىي رومانىنى(ترىلوگىيە) يازغان. «ئاخىرقى ۋەسىيەت» رومانى مىسىر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدا مىللىي تارىخىي رومان سەھىپىسىنى ئاچقان ئەسەردۇر. 2-باسقۇچ(40-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 50-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە) رېئالىزملىق ئەسەرلەر ئىجادىيتى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا «يېڭى قاھىرە»(1945-يىلى)، «خان خەلىل»(1946-يىلى) ۋە 3 كوچا ترىلوگىيەسى—— «قەسر كوچىسى»، «ھەجران كوچىسى»، «شەربەت كوچىسى»(1945—1952-يىللىرى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. 3 كوچا ترىلوگىيەسى ئەرەب رېئالىزملىق پروزىچىلىقىنىڭ يۇكسەك چوققىسىنى نامايان قىلغان ئەسەردۇر. ئاپتوبىئوگرافىك بۇ روماندا سودىگەر ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش تەقدىرى ئارقىلىق، 1-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدىن 1944-يىلغا قەدەر ئازغىنە كەم 30 يىل مابەينىدىكى مىسىر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. 3-باسقۇچ(50-يىللاردىن كېيىن) پەلسەپىۋى ئەسەرلەر ئىجادىيتى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا «كوچىمىزنىڭ باللىرى» (1959-يىلى)، «ئوغرى بىلەن ئىت»(1961-يىلى)، «بۇدۇنە بىلەن كۈز»(1962-يىلى)، «يول»(1964-يىلى)، «نىل دەرياسى بويىدىكى پاراڭلار»(1966-يىلى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

نەجىب مەھفۇز كۆچلۈك بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە يازغۇچى، ئۇ باشتىن-ئاخىر ئەرەب ۋەتىنى مەيدانىدا تۇرۇپ، چوڭقۇر قايغۇ ئېڭى ۋە قەيسەر ئىسلاھات روھى بىلەن تۇرمۇشقا پائال ئارىلاشقان، ھەر كۈنى چايخانىلارغا بېرىپ ئاۋام بىلەن ئۇچرىشىپ، جەمئىيەتنى كۈزەتكەن. 60-يىللاردىن تارتىپ ھەر يىلى دېگۈدەك رومان ۋە ھېكايىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇرۇپ كەلگەن، رېئالىستىك رومانلارنى يېزىپلا قالماستىن، بەلكى مودېرنىزملىق ئەسەرلەرنىمۇ يازغان. يېزىقچىلىق بىلەن يېرىم ئەسىر شۇغۇللىنىپ 50 نەچچە كىتاب يازغان، 1968~ 1988-يىلغىچە 26 پارچە رومان ۋە ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «پۇقرالار ئېپوسى» ۋەكىللىك ئەسەردۇر. شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيەسى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ''ئۆتكۈر رېئالىزملىقا، كىشىلەرنى ئويغىتىدىغان ئاقارتىش ئىدىيىسىگە ئىگە'' دەپ تەرىپلىگەن. ئەگەر مەھمۇد تەيمۇر(1894-1973)نى مىسىرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ھېكايىچىلىقىنىڭ تەڭداشسىز پىرى دەپ ئاتىساق، نەجىب مەھفۇزنى رومان ئىجادىيتىنىڭ پىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە غايەت زور ئۇتۇقلارنى قازانغان نەجىب مەھفۇز 2006-يىلى 95 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

نەجىب مەھفۇزنىڭ ئەسەرلىرى ئۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىشتىن بۇرۇنلا دۇنيادا نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ رومان-ھېكايىلىرى 80-يىللاردىن باشلاپلا ئېلىمىزدە ئارقا-ئارقىدىن تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ «ئاخىرقى ۋەسىيەت» رومانى 1992-يىلى، «قەسر كوچىسى»، «ھەجران كوچىسى»، «شەربەت كوچىسى» ناملىق 3 كوچا ترىلوگىيەسى 1996-يىلى، «خۇدالىق ئالەم» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى 1998-يىلى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

## 2006-يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى — ئورخان پاموك

2006-يىلى 10-ئاينىڭ 12-كۈنى شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيەسى باياناتى ئېلان قىلىپ، تۈركىيە يازغۇچىسى ئورخان پاموكنىڭ ''ئەسەرلىرىدە ئۆز دىيارىدىكى غېرىب روھنى ئىزدەش داۋامىدا مەدەنىيەتلەر ئارا توقۇنۇش ۋە ئۇنىڭغا گىرەلىشىپ كەتكەن يېڭى سىمۋولنى بايقىغان''لىقى ئۈچۈن، 2006-يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئورخان پاموك 1901-يىلى نوبېل مۇكاپاتى تارقىتىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن تۇنجى بولۇپ، ئىسلام ئەللىرىدىن مىسىرلىق يازغۇچى نەجىب مەھفۇزدىن كېيىن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىدۇر. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىدا ئورخان پاموك ''دادامنىڭ چامادانى'' ناملىق نۇتۇق سۆزلىگەن.

بۈگۈنكى ياۋروپادىكى ئەڭ يادرولۇق 3 ئەدىبنىڭ

بىرى، دەپ تەرىپلەنگەن، تۈرك مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى خەلقئارا شۆھرەتكە ئىگە مەشھۇر يازغۇچى ئورخان پاموك 1952-يىلى 6-ئاينىڭ 7-كۈنى ئىستانبۇلدا تۇغۇلغان. نيۇ-يوركتا ئۆتكۈزگەن ئۈچ يىلنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ئىستانبۇلدا ياشىغان. ئوتتۇرا مەكتەپنى روبېت كولېژ(تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرىجىسىدىكى خۇسۇسىي مەكتەپ)دە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىستانبۇل تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىناكارلىق كەسپىدە ئۈچ يىل ئوقۇغان، 1976-يىلى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخباراتچىلىق ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن.

بالىلىق ۋە ياشلىقىدا رەسسام بولۇشنى ئويلىغان ئورخان پاموك 1974-يىلدىن باشلاپ رەسمىي ھالدا يېزىقچىلىققا كىرىشكەن. 3 ئەۋلاد ئىستانبۇللۇق سودىگەر ئائىلىسى ھېكايە قىلىنغان تۇنجى رومانى —«جەۋدەت بەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى» 1979-يىلى «مىللەت نەشرىياتى رومان مۇكاپاتى»غا، 1983-يىلى «ئورخان كامال رومان مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. 1983-يىلى نەشر قىلىنغان 2-رومانى— «جىمجىت ئۆي» 1984-يىلى «مادارالىق رومان مۇكاپاتى»غا، فرانسۇزچە تەرجىمە نۇسخىسى 1991-يىلى «ياۋروپا ئىجادىيەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. 1985-يىلى تۇنجى تارىخىي رومانى «ئاق قەلئە» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئورخان پاموك دۇنياۋى مەشھۇر يازغۇچىغا ئايلانغان. «نيۇ-يورك ۋاقتى» گېزىتى ئوبزورچى ماقالىسىدا ”شەرقتە بىر يۇلتۇز پارلىدى“ دەپ مەدھىيىلىگەن بۇ كىتاب ياۋروپادىكى ئاساسلىق تىللارنىڭ ھەممىسىگە تەرجىمە قىلىنغان. 1990-يىلى بۇ ئەسەر ئامېرىكا «چەتئەل رومانلىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. 1990-يىلى نەشر قىلىنغان «قارا كىتاب» ناملىق رومانى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر نامايەندە بولۇپ، مۇرەككەپلىكى، مەزمۇنغا بايلىقى، پىكرىنىڭ موللىقى بىلەن ھازىرقى زامان تۈرك ئەدەبىياتىدا ئەڭ كۆپ غۇلغۇلا قوزغىغان، شۇنداقلا ئەڭ كۆپ ئوقۇلغان رومانلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ رومانىنىڭ فرانسۇزچە نەشرى «فرانسىيە مەدەنىيەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. 1992-يىلى ئورخان پاموك بۇ رومانى ئاساسىدا ئۆمەر كاۋۇر رېژىسسورلۇق قىلغان «سىرلىق چىراي» ناملىق كىنو فىلىمىنىڭ سېنارىيەسىنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. ئاجايىپ سېھرىلىك بىر كىتابقا ئەسىر بولغان ستۇدېنت ياشلارنىڭ ھېكايىسى بايان قىلىنغان «يېڭى ھايات» ناملىق رومانى 1994-يىلى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، تۈرك ئەدەبىياتى ساھەسىدە يەنە بىر قېتىم زىلزىلە پەيدا قىلىپ، تۈركىيە تارىخىدا ئەڭ تېز سۈرئەتتە سېتىلغان كىتاب بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيەسى نەققاشلىرىنىڭ ھاياتى ۋە سەنئەت ئەسەرلىرى ھەققىدىكى «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل» ناملىق تارىخىي رومانى 1998-يىلى نەشر قىلىنىپ، پەۋقۇلئاددە تەسىر قوزغىغانلىقتىن، ئورخان پاموكنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. 2001-يىلى بۇ كىتاب كۆپلىگەن دۆلەتلەردە نەشر قىلىنىپ، شۇ دۆلەتلەردە شۇ يىللىق ئەڭ ياخشى چەتئەل كىتابى سۈپىتىدە ئالقىشقا ئېرىشكەن. كېيىنكى يىلى ئورخان پاموكنىڭ بۇ ئەسىرى ئېرلاندىيەنىڭ «دۇبلىن ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «فرانسىيە ئەدەبىيات-سەنئەت مۇكاپاتى»غا ۋە ئىتالىيە «گرىنزانې كاۋۇر ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

ئورخان پاموك ياشلىق دەۋرىدىن تارتىپ يازغان خاتىرىلىرى، گېزىت-ژۇرناللارغا بېسىلغان ماقالىلىرى، مەشىق ئەسەرلىرى، ئوبزورلىرى، خەۋەرلەر ۋە ساياھەت خاتىرىلىرىدىن تاللىغان ئەسەرلىرىنى ۋە ئىلگىرى ئېلان قىلىنمىغان «دېرىزىدىن قاراش» ناملىق ئۇزۇن ھېكايىسىنى 1998-يىلى «باشقا رەڭلەر» ناملىق كىتاب قىلىپ جەملىگەن. تۈركىيەنىڭ ئەرمىنىيە بىلەن قوشنا ۋىلايىتى كارستا يۈز بەرگەن مۇھەببەت ۋە سىياسىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك «قار» ناملىق رومانى 2002-يىلى نەشر قىلىنغان. 2005-يىلى ئورخان پاموك «ئىستانبۇل» ناملىق يېڭى ئەسىرىنىڭ شان-شۆھرىتى بىلەن شۇ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن، شۇنداقلا شۇ يىلى «گېرمانىيە كىتابچىلىق تىنچلىق مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھازىرغىچە 40 نەچچە خىل چەت ئەل تىلىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئەدەبىي ئوبزورچىلار ئۇنى فروست، توماس مان، كالۋىنو، بور خېسس قاتارلىق ئەدەبىيات پېشۋالىرى بىلەن بىر قاتارغا قويغان. ئورخان پاموك 2008-يىلى 5-ئاينىڭ 21-كۈنى تەكلىپكە بىنائەن دۆلىتىمىزگە زىيارەتكە كەلگەن ۋە لېكسىيە سۆزلىگەن. ئورخان پاموكنىڭ «يېڭى ھايات» رومانى 2008- يىلى، «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل» رومانى 2010-يىلى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىپ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

(ئاپتور:چەرچەن ناھىيىسىدىن؛

تەھرىرلىگۈچى: ھاجى بارات رەجەپ)



# ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى، ئۇستاز ئابدۇلھەمىد يۇسۇپ ھاجىنىڭ ئۆگىنىش روھى توغرىسىدا

ئابدۇلھەي مۇھەممەدنىياز

ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى، تارىخشۇناس، تىلشۇناس، شائىر، جامائەت ئەربابى ئابدۇلھەمىد يۇسۇپ ھاجى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 7-، 8-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مەملىكەتلىك تۈركىي تىل تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك مىللىي تىبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ پەخرىي باشلىقى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ سابىق مۇدىر ۋراچ تېۋىپى، «ئۇيغۇر تىبابەت نەزەرىيە ئاساسلىرى»، «ئۇيغۇر تىبابىتى دىئاگنوستىكىسى»، «ئۇيغۇر تىبابەت روھىي ئەسەبىي كېسەللىكلەر ئىلمى»، «ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى» 1-تومىنىڭ، شۇنداقلا نەچچە يۈزلىگەن تىبابەت ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ، بىر مۇنچە تارىخى، ئەدەبىي ماقالە، شېئىرلارنىڭ ئاپتورى، ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكوم دەرسلىكى، ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسلىرىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر تىبابەت خادىملىرىنىڭ ئۇستازى، نۇرغۇن سانسىز بىمارلارنىڭ نىجاتكارى، ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ بەرپاچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 1919-يىلى خوتەن شەھرىدە تۇغۇلغان. 1994-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى 75 يېشىدا قازا قىلغان.

بۇ زات بۈيۈك كىتابىمىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان. چۈنكى ئۇ ئەرەب، پارس، ئوردۇ، تۈرك، ئىنگلىز، خەنزۇ، چاغاتاي تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. ئالىم بۇ تىللارنى قانداق ئۆگەنگەن؟

بۇنى ئالىمنىڭ بىر ئۆمۈر تىنماي تىرىشىپ ئۆگىنىش روھىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئابدۇلھەمىد يۇسۇپ ھاجىم كىچىكىدىنلا كىتابخۇمار، تىرىشچان بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئەينى چاغدىكى داڭلىق تېۋىپ بولغان ئاتىسى يۇسۇپ ئاخۇنۇمدىن تېۋىپچىلىقنى ئۆگەنسە، يەنە بىر

ئالىم-ئۇلىمالار

تەرەپتىن مەدرىسلەردە ئەرەب، پارس تىللىرىنى، قۇرئان، ھەدىسلەرنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. 16 ـ 17 ياشلارغا كىرگىچە قۇرئاننى مەنە ئېيتالايدىغان سەۋىيىگە يېتىپ بىر مەدرىسكە خاتىپ بولغان.

1955 ـ يىللىرى بىر قانچە تېۋىپلار بىلەن بىرلىشىپ بىر شىپاخانا قۇرغان. شۇ چاغدىلا ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشنى كۆزدە تۇتۇپ «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان رېتسىپلار قوللانمىسى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، «پارس تىلى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈپ ياش ئەۋلادلارنى تېبابەتچىلىكتە تەربىيىلىگەن.

1959 ـ يىلى خاتا لۇشيەننىڭ كاشىلىسى تۈپەيلى ناھەق قارىلىنىپ تۈرمىگە سولانغان. ئۇ بۇ جەرياندا قىلچە مەيۈسلەنمەي خەنزۇ تىلى، غەرب تېبابەت ئىلىملىرىنى بوش ۋاقت بولسىلا تىنماي ئۆگىنىپ تۇرغان. 1977 ـ يىلى ئاقلىنىپ چىققاندىن كېيىن خوتەن ۋىلايەتلىك شىپاخانىغا ئىشقا چۈشكەن ھەمدە ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە مۇدىر بولۇپ، بىر تەرەپتىن بىمارلارنى داۋالاپ، بۆلۈمنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن ياش تېۋىپلارنى تەربىيىلەشكە كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن. يەنى شىپاخانىدا خادىملارغا دەرس ئۆتۈش، خوتەن تېببىي مەكتەپنىڭ (كېيىنچە شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ) ئۇيغۇر تېبابەت سىنىپىغا دەرس بېرىش، باشقا ئورۇنلارغا تەكلىپ بىلەن بېرىپ لېكسىيە سۆزلەش ئارقىلىق ياش تېۋىپلارنى تەربىيىلىگەن.

يىلدا بىر ئېچىلىدىغان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىغا بارسا ”شىنجاڭدا بىر ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي مەكتىپى قۇرۇلسا“ دەپ كۆپ قېتىم تەكلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، بۇ تەكلىپ دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ماقۇللىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ ئاخىرى 1987 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومى خوتەن شەھىرىدە قۇرۇلغان. بۇ ئىش نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر تېبابەت خادىملىرىنىڭلا ئەمەس نەچچە مىليون ئۇيغۇر خەلقىنىمۇ ناھايىتى سۆيۈندۈردى.

شۇنىڭ بىلەن ئالىم مەكتەپنىڭ دەرسلىكىنى تۈزۈش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى ھەم ئۆزى ئۈچ پارچە كىتاب تۈزۈپ چىقتى، باشقا كىتابلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى.

ئالىم ۋاقتنى ناھايىتى بەك قەدىرلەيتتى ھەم چىڭ تۇتاتتى، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە كىتابنى دوست تۇتۇپ، تىل ئۆگىنىشنى بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرمىدى، ئالىم نەگىلا بارسا قويۇن يانچۇقىدا بىر كىچىك كىتابچە ياكى بىر كىچىك خاتىرە بولۇپ مەيلى ئاپتوبۇس ساقلىغاندا بولسۇن ياكى يىغىنلاردا بولسۇن پائالىيەت باشلانغىچە بولغان كىچىك بوش ۋاقىتلاردىمۇ كىتاب كۆرەتتى ياكى ئۆگىنىۋاتقان تىلنىڭ خام سۆزلىرىنى يادلايتتى، ماتېرىيال كۆرگەندە، يېزىۋاتقاندا، بىر نەرسە ئۆگىنىۋاتقاندا كىچىك باللىرى كىرىپ پاتىڭغا مىنىۋالسىمۇ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەتتى.

ئۇ شاگىرتلارغا شۇنداق تاپىلايتتى: ”تىل ئۆگەنمەكچى بولغان ئادەم ئۈزلۈكسىز تىل ئۆگىنىشى، كىچىككىنە بوش ۋاقىتلاردىمۇ سۆز يادلاشنى داۋاملاشتۇرۇشى، ھېيت ـ بايرام، شەنبە ـ يەكشەنبە دەپ ۋاقتنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك لازىم، شۇنداق ئۈزلۈكسىز ئۆگەنگەندىلا ئۆگىنىش ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدۇ. بىر تىل بىلگەن ئادەم بىر ئادەمگە تەڭ، ئىككى تىل بىلگەن ئادەم ئىككى ئادەمگە ئوخشاش، تىلنى قانچە كۆپ بىلسە ـ بىلىمنىڭ ئىشكى شۇنچە كۆپ ئېچىلىدۇ...“.

ئالىم شۇنداق بىلىمگە بولغان چەكسىز ھېرىسمەنلىكى، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقى، بوش ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتەك خىسلىتى بىلەن تېبابەت، تارىخ، ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىق ساھەلىرىدە يېتۈك بىلىم ئىگىسى، كامالەت ئىگىسى بولۇپ يېتىشكەندى.

ئالىم ئۆگىنىش بىلەن تەتقىقاتنى تەڭ ئېلىپ باراتتى، ئۇيغۇر تېبابىتى ئۈچۈن نەچچە يۈزلىگەن قىممىتى يۇقىرى ئېسىل ماقالىلەرنى يېزىپ يىغىنلاردا ئوقۇغان، ئىلمى ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان. بىر قانچە ماقالىسى خەلقئارالىق يىغىنلاردا تاللىنىپ ئوقۇلغان ھەم ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نۇرغۇن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا تەكلىپ قىلىنغانىدى. ”يۈرەك قان تومۇر كېسىلى ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا“، ”ياشلىق ۋە قېرىلىقنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدا“، ”ئۇيغۇر تېبابەت نەزەرىيە ئاساسلىرىدىن ئۆمۈر تەربىيە ھەققىدىكى قاراشلىرىم“ ... قاتارلىق ماقالىلىرى يۇقىرىقى سۆزلىرىمىگە دەلىل بولالايدۇ.

1987 ـ يىلى قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك بويىچە ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا ئۇ ئەرەب تىلىدا يازغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى توغرىسىدىكى ماقالىسى ئوقۇلۇپ، ئالىملارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

مەرھۇم ئالىم تارىخ، ئەدەبىيات پەنلەر جەھەتتىمۇ بىر قىسىم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، خوتەننىڭ يېقىنقى 100 يىللىق تارىخىنى ۋە ”خوتەن دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا“ قاتارلىقلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر تارىخى

تەتقىقاتىمىزغا تۆھپە قوشقان.

1983 ـ يىلى ‹‹ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى›› دېگەن ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ 10 ـ ئەسىردىن بۇيانقى ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن ھەمدە 10 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىياتىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. بۇ ماقالە ئۆرۈمچىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلۇپ كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. ئالىم كېيىن ‹‹ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا››، ‹‹ۋەتەندىن سىرتقا چىققاندا››، ‹‹ئۇيغۇر تىلىم›› قاتارلىق ماقالە ۋە ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە، ئانا تىلغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان.

مەرھۇم يەنە ساقايماس كېسەل دەپ قارىلىۋاتقان كېسەلدىن ‹‹ئاق قان كېسىلى››دىن بىر قانچىنى داۋالاپ ساقايتقان. ئەينى چاغدا خوتەندە يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلى تارقالغاندا بۇ كېسەلگە رېتسېپ تۈزۈپ ‹‹A,B تىپسىز جىگەر كېسىلىنى داۋالاش توغرىسىدا›› دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىپ يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلىنىڭ تىزگىنلىنىشىگە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان.

ئالىم شۇنچە بىلىملىك بولۇشىغا قارىماي كىچىك پېئىل، باشقىلارغا مۇئامىلىسى سىلىق ئىدى. ئۆزىدىن كىچىكلەرگىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. يېقىملىق تەلەپپۇزدا گەپ قىلاتتى، تۇرمۇشتىمۇ ئاددىي ـ ساددا ياشايتتى، ئالاھىدە بولۇۋالمايتتى، ئۆزىدىن تەلىم ئالىمەن دېگەنلەرنى مالال كۆرمەي شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىپ كۆڭلىدە بىر قېتىم ساۋاق بېرەتتى، شۇڭا ئالىمنىڭ ئۆيىدىمۇ شاگىرتلار ئۈزۈلمەيتتى، خوتەن شەھەر ئىچىدە بولسۇن ياكى ئۆرۈمچىدىكى يىغىنلاردا بولسۇن ئۇنىڭدىن سوئال سورىسا ئېرىنمەي، ئەستايىدىل جاۋاب بېرەتتى، باشقىلار بىلىۋالسۇن، ئۆگىنىۋالسۇن دەپلا يۈرەتتى.

1994 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى، ئۇستاز ئابدۇلھەمىد يۇسۇپ داموللا ھاجى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى. خوتەن ھېيتگاھ مەسچىتىگە خوتەن ۋە باشقا ۋىلايەت، شەھەرلەردىن مەرھۇمنىڭ نامىزىغا كەلگەن كىشىلەر سىغمايتتى، ھەممىنىڭ كۆزىدە ياش لىغىلدايتتى، كىشىلەر پىچىرلايتتى:

ـ مەرھۇم ماڭا، بالامغا، نەۋرەمگە ئىلىم بەرگەن ئىدى.

ـ مەرھۇم مېنىڭ، دادامنىڭ، بالا ـ چاقامنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويغان ئىدى.

ـ خوتەن بىر نۇرلۇق ئىلىم قۇياشىدىن ئايرىلىپ قالدىغۇ؟!

ـ خوتەن بىر تىرىك تارىختىن، تىلشۇناستىن، بىر تېبىبىي ئالىمدىن، بىر شائىردىن ئايرىلىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ خوتەن شەھرى بىر بۈيۈك ئىلىم ئۇستازىنى، بىر بۈيۈك ئىلىم ساھىبىنى، بىر ئېسىل ئوغلانىنى ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىپ قويدى.

مانا شۇ ئىشلارغا ھەش ـ پەش دېگۈچە 16 — 17 يىل بولۇپ قالدى، لېكىن ئالىمنىڭ خۇشخۇي چىرايى، يېقىملىق گەپ ـ سۆزلىرى، تىنماي ئۆگىنىۋاتقان، يېزىۋاتقان ھالىتى تۈنۈگۈنكىدەكلا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ، ئالىمنىڭ تىنماي ئۆگىنىش، ئىزدىنىش روھى، ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش روھى، كىچىك پېئىل، ئېسىل خىسلەتلىرى بىز ياشلارنىڭ مەڭگۈ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

(ئاپتور: پىچان ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ھاجى بارات رەجەپ)

**ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ**

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەركەزدىكى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قارمىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، تىرائىژى ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقان پەسىللىك، ئۇنىۋېرسال ئىسلام ژۇرنىلى. 2012 ـ يىللىق ژۇرنالنىڭ تاق باھاسى 5 يۈەن، يىللىق باھاسى 20 يۈەن، 2011 ـ يىللىق تويلام 4 ـ سان بىلەن بىرگە تۈپلىنىپ چىقىدۇ، باھاسى 25 يۈەن، ژۇرنىلىمىزنىڭ 2012 ـ يىللىق سانلىرى يەنىلا يەرلىك پوچتىخانا، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى (شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى) ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ.

دۆلەت ئىچىدىكى پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 167—58، چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720، مۇسۇلمانلارنىڭ، مەسچىتلەرنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە ـ تەشكىلات، مائارىپ ـ مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا پائال مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

♥ باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىدىن تۇنىياز يۈسۈپ، قادىر روزى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا مىچىغ يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار يېقىنقى 5 يىلدىن بۇيان مائارىپ ئىشلىرىغا نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم بولۇپ 35 مىڭ 800 يۈەن ياردەم قىلدى. باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، باي بازىرى شەھەرلىك كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى نۇرۇللا ناسىر پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىغاندىن كېيىن نامرات ئائىلىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارغا نەق پۇل، ئاشلىق، كىيىم-كېچەك، ئوقۇش قوراللىرى بولۇپ، 8200 يۈەن ياردەم قىلدى.

(ھەسەن ئابدۇۋەلى)

♥ باي ناھىيىسى سايرام بازىرى چارۋىچىلىق فېرمىسى چوڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى مۇھەممەد ئىسمائىل ئۈچ يىلدىن بۇيان بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە 9000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ياردەم قىلىپ، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى ھەم ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا 5000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلدى. (قۇربان مولنىياز)

♥ كۇچا ناھىيە ئۇچا بازىرى ساقاغۇ كەنت 1-مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى قاسىم ئابباس 30 يىلدىن بۇيان ئىماملىق ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلغاندىن باشقا، جامائەتكە خالىس ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىي زات بولۇپ، يېقىندا ئۆز يېنىدىن 5000 يۈەن چىقىرىپ، ساقاغۇ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى 30 دانە كونا كومپيۇتېرنى رېمونت قىلدۇرۇپ بەردى ھەمدە يىراقتىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 2000 يۈەن ئىئانە قىلدى.

(قاھار قېيۇم، ئەنۋەر غوپۇر)

♥ روزى ھېيت ھارپىسىدا كورلا شەھىرىدىكى دىنىي زاتلار 5320 يۈەن يىغىش قىلىپ، كورلا شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر يېزىسى، تېكىچى يېزىسى قاتارلىق بىر قىسىم يېزىلاردىكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلارغا، كىيىم-كېچەك، ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئوقۇشىغا مەدەت بەردى. (ئەخمەتجان ھوشۇر)

♥ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، بوستان يېزىسى بوستان كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئەخمەت ئەزىمەت 2010-يىل سىياسىي كېڭەش 12-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-يىغىنىدا مەزكۇر ناھىيىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىكى سۇ ئاپىتىنى تىزگىنلەپ، ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش ھەققىدە قىممەتلىك تەكلىپ بەرگەنىدى. بۇ تەكلىپ ناھىيە، ئوبلاست ۋە ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى كۈنتەرتىپكە قويىدى. بۇ يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنىگىچە چوڭ ئۆستەڭ ۋە سۇ ئامبىرى پۈتۈپ، 35 مىڭغا دېھقان-چارۋىچى ۋە 90 مىڭغا يېقىن چارۋا مالنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل بولدى. شۇنىڭدەك مورى-پىچان تاشيولى كېڭەيتىلىپ، داۋاندىن ساي ئېغىزىغىچە 15 كىلومېتىرلىق يولنىڭ ھەممىسى تۈزلىنىپ، مۇھىم ئورۇنلارغا كۆۋرۈك سېلىندى. نۆۋەتتە تاغدىن تەشمە يول ئېچىلىپ، مورى-پىچان تاشيولى كېلەر يىلى مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتۈشى مۇمكىن. ئەخمەت ئىمام بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، خەلققە پايدىلىق ئىشلاردا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. (ئابلىمىت قۇربان ھاجى)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

♥ قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزا يېچا كەنت 3-مەھەللىدىكى قۇربان ھاجى ئابلىمىت ئۆز يېنىدىن 24 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، بۇ كەنتنىڭ 2-، 3-، 4-مەھەللىلىرىگە تۇتىشىدىغان 2 ئورۇندىكى ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئورنىغا بېتون كۆۋرۈك سالدۇرۇپ بەردى. ئۇ يەنە 18 مىڭ يۈەنگە سېتىۋالغان 200 قاپ خىمىيىۋى ئوغۇتنى بۇ يىل 9-ئاينىڭ 10-كۈنى 130 نامرات ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى. (ھاپىزجان مۇھەممەد)

♥ باي ناھىيە سايرام بازىرىدىكى ئېلى مۇھەممەد، ئابدۇرازاق ھامۇت قاتارلىق ئالدىن بېيىغان ساخاۋەتچى مۇسۇلمانلار بۇلتۇردىن بۇيان مائارىپ ئىشلىرى ھەمدە مېيىپ، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلار ئائىلىسىگە نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم بولۇپ، 28مىڭ 700 يۈەندىن ئارتۇق ياردەم قىلدى.

(ھەسەن ئابدۇۋەلى)

♥ باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ناھىيىلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئارزۇگۈل قادىر يېقىندا كەنت مەكتەپلىرىدىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلارغا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىرىپ كىيىم-كېچەك ۋە ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بەردى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

♥ توقسۇن ناھىيە غولبويى يېزا قاراش مەھەللىسىدىكى ھاشىخان ھاجىم، گۆھەر ھاجىم قاتارلىق ساخاۋەتلىك ئانىلار 2011-يىلى 8-ئايدا قوشنا مەھەللە(سۇڭداي كارىز مەھەللە) مەسچىت قۇرۇلۇشىغا ھەربىرى 10000 يۈەندىن نەق پۇل ياردەم قىلدى. (ئارزۇگۈل)

♥ كورلا شەھىرى ئۆردەكۋاي تاشقى سودا ھەسسەدارلىق شىركىتىنىڭ خوجايىنى ئىسكەندەر ئوبۇل تىجارىتى روناق تېپىپ، ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق بېيىغاندا نامراتلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ قۇربان ھېيت ھارپىسىدا ئۆز يېنىدىن 10 مىڭ يۈەن چىقىرىپ بۇ مەكتەپتىكى ئۆگىنىشتە ياخشى، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار 100 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەربىرىگە 100 يۈەندىن تارقىتىپ بەردى.

(ئەخمەتجان ھوشۇر)

♥ يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە پەيزىۋات باش مەيدانىدىكى بارلىق كادىرلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار 11-ئاينىڭ 15-كۈنى، بۇ مەيداننىڭ بۆرەك زەئىپلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان،7-لىيەن دېھقانچىلىق ئىشچىسى ئۆمەر قاسىمغا 22 مىڭ 202 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. (سەمەت ئابلىز)

## خەۋەرلەر

بۇ يىل 11-ئاينىڭ 5- ۋە 7-كۈنى قەشقەر شەھىرى رەھبەرلىرى ۋە شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، شەھەرلىك مىللەت-دىن ئىشلار ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن تەركىب تاپقان ھال سوراش ئۆمىكى، مەرھۇم ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم ۋە مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇمە داموللا ھاجىم قاتارلىق 67 نەپەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن قۇربان ھېيتلىق ھال سورىدى، شۇنداقلا ئۇلارغا قۇربان ھېيتلىق ھال سوراش پۇلى تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلىدى. بۇ قېتىمقى ھال سوراشقا قەشقەر شەھىرى 15 مىڭ يۈەن ئاجراتتى. (نىجات غوپۇر)

يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە پەيزىۋات باش مەيدانى كەڭ مۇسۇلمان ئاممىنىڭ قۇربان ھېيتنى خۇشال-خۇرام، خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، 11-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 4-كۈنىگىچە كەڭ كۆلەملىك ھال سوراش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئىشچى-خىزمەتچىلەر، تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار، ياشانغان پېشقەدەم كادىرلار، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار، مەملىكەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 166 نەپەردىن ئارتۇق كىشىگە 53 مىڭ 200 يۈەن نەقپۇل تارقىتىپ بەردى. (سەمەت ئابلىز)

11-ئاينىڭ 6-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 53-تۇەنى تۇەن-مەيدانىدىكى ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرىنى چاقىرىپ، 2011-يىللىق قۇربان ھېيتلىق دىنىي زاتلاردىن ھال سوراش يىغىنى چاقىردى. بۇ تۇەن-مەيدان 11500 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، تۇەن-مەيدانىدىكى 23 نەپەر دىنىي زاتنىڭ قۇربان ھېيتنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ھەربىرىگە 500 يۈەندىن تارقىتىپ بەردى. (سەمى ئوبۇل)

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە "ئىككى ئاساسىي تېما"— ئىدىيە، ھەرىكەتتە بىردەك بولۇش، كەڭ كۆلەمدە قۇرۇش، ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش تېمىسى بويىچە تەشۋىقات، تەربىيە پائالىيىتى ۋە "شىنجاڭ روھى" تېمىسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى. (ئەركىن ساۋۇت)

باي ناھىيىسىدىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسى 2012-يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا 2300 نۇسخىدىن ئارتۇق مۇشتەرى بولدى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

ئاۋات بازارلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 11-ئاينىڭ 4-كۈنى ناھىيىلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترىتىدىن مەخسۇس 2 نەپەر خادىم تەكلىپ قىلىپ، بازىرىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق دىنىي زاتلار، دېموكراتىك مەسچىت ھەيئەتلىرىگە ئوت ئۆچۈرۈش بىلىملىرى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى.

(قاۋۇلجان رىشىت)

9-ئاينىڭ 27-كۈنى، يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە تۇمشۇق شەھىرى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى شوركۆل رايونىدىكى 7 تۇەن-مەيدان مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى بۆلۈمىگە 130مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى موتسىكلىت، كومپيۇتېر، نۇسخىلاش ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى سەپلەپ بېرىپ، بۇ تۇەن-مەيدانلارنىڭ مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى خىزمەت ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى. (سەمى ئوبۇل)

10-ئاينىڭ19-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى تەشكىللىگەن ۋەز-تەبلىغ تەشۋىقات ئۆمىكى قەشقەر شەھىرىدە ۋەز-تەبلىغ سۆزلىدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەت دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. ۋەز-تەبلىغنى قەشقەر شەھىرىدىكى جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمام، خاتىپلىرى، ئاساسىي قاتلام ئاياللار مۇدىرلىرى بولۇپ 300 نەپەردىن ئارتۇق ئادەم ئاڭلىدى. (نىجات غوپۇر)

يېقىندا باي ناھىيەلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدىن ئىگىلىنىشىچە، 1985-يىلى قۇرۇلغان باي ناھىيە باي بازىرى خانىقا مەسچىتى يېقىندا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن "ئىناق مەسچىت" شەرىپىگە ئېرىشىپ، گۇۋاھنامە تاپشۇرۇپ ئالغان. بۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، باي ناھىيىسىنىڭ بەختەر دىنىي سورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغانلىقىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باي ناھىيىسى دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيەنىڭ مىللەت-دىن سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلدى، دىنىي زاتلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى قەرەللىك تەربىيىلىدى. "بەشتە ياخشى مەسچىت"، "بەشتە ياخشى دىنىي زات"، "ئون ياخشى دىنىي زات"نى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. نۆۋەتتە پۈتۈن ناھىيە بويىچە 364 دىنىي سورۇننىڭ ھەممىسى "بىخەتەر دىنىي سورۇن"، 132 نەپەر دىنىي زات 2010-يىلى يىل ئاخىرىدا ناھىيە، يېزا تەرىپىدىن "بەشتە ياخشى دىنىي زات" بولۇپ باھالاندى. (قۇربان مولنىياز)

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 2011- يىللىق سانلىرىدىكى ئاساسلىق ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى

### ئالاھىدە خەۋەرلەر

جيا چىڭلىن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرى بىلەن چاغانلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى ......................... (1.1)
تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «ئىناق مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋ بەرپا قىلىش» پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى ......................... (1.4)
جيا چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام دىنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىق خۇلاسە يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشتى ... (2.1)
جۇڭگو ئىسلام دىنى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىقنى خۇلاسىلەش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى ...(2.4)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار مەسچىت ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش ھەققىدىكى قارارى ......................... (2.7)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8- نۆۋەتلىك 4- قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى ... (2.8)
جيا چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام دىنى 9- قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى ....... (4.1)
جۇڭگو ئىسلام دىنى 9- قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى ............ (4.4)
جۇڭگو ئىسلام دىنى 9- قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىش نۇتقى .........ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن (4.6)
ۋەتەننى سۆيۈپ، دىننى سۆيۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتايلى ........................ ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ (4.8)
«جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى دوكلات ............ ........................ ئابدۇلتىپ ئابدۇرەھىم داموللا ھاجى (4.22)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ........................ (4.27)
جۇڭگو ئىسلام دىنى 9- قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى ........................ (4.32)

### ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان ...............ئابدۇرەھمان نا جۇڭ (2.10)
نىيەت ۋە ئەمەل ........................ئامانۇللا ھىزبۇللا (2.18)
مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى نېمە؟ ........................ ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد (3.4)
شۈكۈر قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........................ياقۇپجان ئەزىز (4.37)

### قۇرئان كەرىم تەپسىرى

سۈرە «تىن» نىڭ قىسقىچە تەپسىرى ........................ شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد (1.5)
«ئايەتۇلكۇرسى» نىڭ قىسقىچە تەپسىرى ........................ شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد (2.23)
سۈرە «بەقەرە» 282 — 283- ئايەتلىرىنىڭ قىسقىچە تەپسىرى ........................مۇساجان نەجمىدىن (3.13)
«مۇئمىنۇن» سۈرىسىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا ........................ ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد (4.41)

### قۇرئان كەرىم تەتقىقاتى

قۇرئان كەرىمدىكى دوستلۇققا دائىر ئايەتلەر ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ...............مۇھەممەد ئىمىن قارى ھاجى (1.14)
قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ قىسسىسى ............ ئابدۇقادىر ئابدۇللا، مۇساجان نەجمىدىن (1.18)

### ھەدىس تەھلىلى

"شىپالىق— ھەسەل ئىچىش، قان ئالدۇرۇش، ئوتتا داغلاپ داۋالاشتا" دېگەن ھەدىس توغرىسىدا...ئابدۇلھەي مۇھەممەدنىياز (3.19)

### ۋەز - تەبلىغ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگىنىپ، ئەدەپ- ئەخلاقلىق مۇسۇلمانلاردىن بولايلى ........................ (1.27)
ئىسلام دىنى ساغلاملىققا كۆڭۈل بۆلۈپ ھاياتلىقنى قەدىرلەيدۇ ........................ ئوسمانجان ئابدۇقادىر (1.32)
ئەپۇ قىلىش روھىغا ئىگە مۇسۇلمانلاردىن بولايلى ........................ (2.34)
ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس ........................ خېلىل ھۈسەن (2.40)

باراۋەر، ئادىل بولۇپ توغرا كىشىلىك مۇناسىۋەت تۇرغۇزايلى ........ تاھىر قادىر(3.21)

ئىمان ـ ئەخلاقلىق مۇسۇلمانلاردىن بولايلى ........ئابدۇللا ئابدۇرەھمان(3.28)

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ پەزىلىتى ........ئابدۇقادىر ئابدۇللا(4.50)

## ئىسلام دىنى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئەدەپ ـ قائىدە

سەپەر قىلىشنىڭ ئەدەپلىرى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە........ئامانۇللا ھىزبۇللا(1.35)

مۇسۇلمانلارنىڭ تېپىۋالغان نەرسىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ........ ئىسمائىل ياقۇپ(1.39)

ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر ........ھاجى ئابدۇغوپۇر شېرىپ(1.43)

ياخشىلىقنى قولدىن بەرمەيلى ........كامىلە ئىسرائىل(2.42)

مۇسۇلمانلارنىڭ تىل ـ ئالاقە ئەخلاقى ........ ئارزۇگۈل غوپۇر، پەرىدە مىجىت(3.32)

خەتنە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ........ خېلىل ھۇسەن(3.37)

ئىسلام دىنىدا ئىسىم قويۇش ۋە ئۇنىڭ تەلەپ ـ قائىدىلىرى ........ ئابدۇغېنى ئابدۇۋاھاب، ئىسراپىل ئابدۇقادىر(3.39)

مېھماندارچىلىق ۋە سورۇندا ئولتۇرۇشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ........ ئامانۇللا ھىزبۇللا(4.52)

گۈزەل ئەخلاقنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتى ........شاكىر ئىلھام(4.58)

## ئىسلام دىنى ۋە ئاياللار

ئاياللارنىڭ ئىلىملىك بولۇشى ھەققىدە ئويلار ........ ئىلتەرىش ئەزىز(1.45)

## ساھابە كىراملار

مەشھۇر تەپسىرشۇناس ساھابە ئابدۇللا ئىبنى ئابباس ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە.... ياقۇپجان ئەزىز(2.46)

مەشھۇر تەپسىرشۇناس ساھابە ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ...... ياقۇپجان ئەزىز(3.44)

## مەسچىت ـ مەدرىسەلەر

ئاقسۇ رەستە جامەسى ........ئابدۇخالىق ئالىم(3.48)

## مۇسۇلمان ئالىملار

ئىسلام ئەللىرىدىن نوبېل تەبىئىي پەن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئالىملار ........ ئىلھام مۇھەممەد(3.50)

ئىمام ئەبۇ يۇسۇفنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلىرى ........ئىمامنىياز ھاجىم(4.61)

ئىسلام ئەللىرىدىن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلار ........ ئىلھام مۇھەممەد(4.67)

## ئالىم ـ ئۆلىمالىرىمىز

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئىسلامىيەتكە قوشقان تۆھپىلىرى ........ئابدۇۋاھىد خۇدابەردى(1.49)

شېرىپجان داموللا ھاجىم ........ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات(2.51)

رەجەپ ھاپىز ئاخۇنۇم ........ئەھمەد ئىمىن، راجىھ ئابدۇرىشىت ئىبراھىم(3.53)

ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى، ئۇستاز ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ داموللا ھاجىنىڭ ئۆگىنىش روھى توغرىسىدا ........
........ ئابدۇلھەي مۇھەممەدنىياز(4.70)

## ئىسلام بىلىم گۈلزارى

ئىسلام لۇغىتى ........(1.56، 2.55، 3.55)

## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇش روھى ھەممىمىزدە بولسۇن ........ مۇھەممەدئەلى مۇھەممەدئىمىن(1.58)

سەۋر توغرىسىدا ........ھۈسەيىن مويدىن(1.60)

بىلىم ئال ........ مەخمۇت ئاۋۇت(1.61)

ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلارنى قەدىرلەش توغرىسىدا ........ مۇختەر ياقۇپ(2.57)

ئادەمنىڭ قىممەتلىك لىباسى ـــ ئەخلاقتۇر ........ ئابلىكىم ئابابەكرى(3.58)

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا........مەريەمگۈل ياقۇپ(3.59)




جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭدا 2011 ـ يىللىق قۇربان ھېيتلىق زىياپەت ئۆتكۈزدى. زىياپەتكە خۇي لياڭيۈ، ئىسمائىل تىلىۋالدى، دۇ چىڭلىن، ئابلەت ئابدۇرىشىت قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى قاتناشتى.



رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن تەبرىك سۆزى سۆزلىدى.





زىياپەتكە قاتناشقان جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمانلار.




جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك 5 ـ قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىلدى.



رەئىس رىياسىتى مۇناسىۋەتلىك قارالمىلارنى مۇزاكىرە قىلدى.





يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە قىلماقتا.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى يۇنۇس، يۇسۇپ جەۋاد، ئەمەددىن تارتقان)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 9-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ
## رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ۋە باش كاتىپى



رەئىس :
ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن




مۇئاۋىن رەئىس :
نىياز قارى ھاجى



مۇئاۋىن رەئىس :
جۇمە دامولla ھاجى



مۇئاۋىن رەئىس :
سۇلايمان ما كېيشەن



مۇئاۋىن رەئىس :
ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ



مۇئاۋىن رەئىس :
ۋەققاس ما شۇۋشىن



مۇئاۋىن رەئىس :
داۋۇت دا چىڭلى




مۇئاۋىن رەئىس :
ھەسەن ياڭ فامىڭ




مۇئاۋىن رەئىس :
سىددىق مۇ كېفا

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
## 9-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى



مۇھەممەد ئەلى يۇ جىنگۇي


مۇئاۋىن رەئىس:
ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەھىم داموللا ھاجى


مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ:
بەدرىددىن گو چېڭجېن


مۇئاۋىن رەئىس:
ھاجى ئەكبەر قوڭۇر


مۇئاۋىن رەئىس:
يۇسۇف ليۇ باۋچى


مۇئاۋىن رەئىس:
يەھيا ما ۋېنيۇن



مۇئاۋىن رەئىس:
مۇستافا ياڭ جىبو


مۇئاۋىن رەئىس:
ئادىلجان ھاجى كېرىم


مۇئاۋىن رەئىس:
ئابدۇللا ما چاڭچىڭ


مۇئاۋىن رەئىس:
ئوسمان ۋاڭ شۇلى


مۇئاۋىن رەئىس:
سۇلايمان ليۇ كېجىي


ھەبىبۇللا شې شىڭلىن


ئابدۇللا خەن شېڭگۇي


ئىبراھىم ۋۇ يىيې


مۇھەممەد سىددىق ما جۇڭجې